# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志



2

2002

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

19 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 59 - سان

2002 - يىللىق

2 - سان



مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

تۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىر، قاسىم خوجا، قوربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئابلىز ئورخۇن


## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر


مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................................ لى تيېيىڭ 1

3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 1 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ........................................ 11

مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ........................................ 14

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................................ ئابلەت ئابدۇرېشىت 20

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................................ ئابدۇقادىر نەسرىدىن 22

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ........................................ سۈي شۇجيې 30

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان خۇلاسە سۆز ........................................ سەرجە 48


### تارىخ سەھىپىسىدە


20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بوران - چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ........................................ يۈەن شۇ 52

ئۇيغۇرلار ۋە بالاساغۇن........................................ غەيرەتجان ئوسمان 64

موغۇللار دەۋرىكى پولات شەھىرى ........................................ ئەركىن ئەرشىدىن 70

ئوسمان قانداق تۇتۇلغان ........................................ قۇددۇس ئابدۇسەمەت 74


### شىنجاڭدىكى كەسىپلەر


خوتەننىڭ قەدىمكى يىپەك توقۇمىچىلىقى ........................................ مەمەت ئابلا 78


مۇقاۋىدا: بوغدا چوققىسى

(خەنزۇچە «ئۇرۇمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى)

# مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز


لى تيېيىڭ

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى
جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى


(2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)

مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى يېڭى جۇڭگونىڭ 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغان ۋە يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئېچىلدى، بۇ يەنە يېڭى ئەسىردىكى 1 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىدۇ ھەم 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش. كۆپچىلىكنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى داۋامىدا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يولداش جۇ جيامۇنىڭ بايا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدا ۋە يولداش ماۋ فۇمىنىڭ «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» ھەققىدە بەرگەن ئىزاھاتىدا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ئاساسىي نەتىجىلىرىمىز ۋە تەجرىبىلىرىمىز ئەكس ئەتتۈرۈلدى. يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئەتراپلىق بولدى، مەن تامامەن قوۋۋەتلەيمەن. تۆۋەندە تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدە كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. تەزكىرە خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر

1986 - يىلى يولداش زېڭ سەن 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزاقراق ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. كىشىلەر شۇ چاغدا بۇ خىزمەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى، بەزى جايلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولالماسلىقى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلغانىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ئىشقا بەل باغلىغانىدۇق. 2 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىمۇ بۇ پىكىردە چىڭ تۇردى.




1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندىن تارتىپ، بولۇپمۇ 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن

تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 20 يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇڭگونىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن دەۋر بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىنىپ، بىر قەدەر مول تەجرىبىلەر توپلاندى، بىر تۈرلۈك ئىش — تەزكىرىچىلىك ئىشى ۋۇجۇتقا چىقىرىلىپ، تەزكىرە بىر ئىلىمگە، بىر پەنگە ئايلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى ئىشلارغا، بولۇپمۇ 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ياخشى ئاساس سېلىندى. نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 4789 توم نەشر قىلىندى. بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەر 1 ـ نۆۋەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. ھەرقايسى جايلار يەنە نۇرغۇن كەسپىي تەزكىرە ۋە جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. تەزكىرە خىزمىتىدە 20مىڭ مەخسۇس كەسپىي خادىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100مىڭ كىشىلىك تەزكىرە تۈزۈش قوشۇنى تەدرىجىي شەكىللەندى ھەم تەزكىرىچىلىك ساھەسىنىڭ بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى بارلىققا كەلدى. مۇشۇنداق مول تەزكىرىچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مۇشۇنداق زور تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى جۇڭگو تەزكىرىچىلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مىسلىسىز ئىش.

**2 . تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.**

تەزكىرە تۈزۈش ئېلىمىزدە ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. جۇڭگونىڭ تەزكىرە كىتابلىرى دۇنيادا بىردىنبىر، ئۇ تارىخىمىزدىكى بىر ئۈستۈنلۈك بولۇپ، ئۆزگىچە تارىخ، مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇڭلاشقا تەزكىرە خىزمىتى ھەرگىز قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى جەزمەن ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ھازىر بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز سوتسىيالىستىك تەزكىرىچىلىك ئىشى. تەزكىرە تۈزۈش ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى، ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى تۈزۈش ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش. يېڭىچە تەزكىرىلەر بىر خىل ئالاھىدە قۇرۇلمىلىق ئەسەر، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىتى، ئېتنوگرافىيىسى، ئىجتىمائىيىتى، ئىقتىسادىنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى مۇجەسسەملەشكەن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، توغرا دۆلەت ئەھۋالى كىتابى، جايلار ئەھۋالى كىتابى، ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخىي يۈكسىلىش ئىزلىرى ئەينەن خاتىرىلەنگەن.

تەزكىرىنىڭ «تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيىلەش، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش» رولى بولۇپمۇ «تارىخنى ساقلاش» رولى ئاللىقاچان ئىپادىلەنگەن. تەزكىرىنىڭ تارىخ ئىلمىغا خاس قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا جەمئىيەت تىك لىنىيە بويىچە ئەمەس، بەلكى دەۋر بويىچە توغرىسىغا تەھلىل قىلىنىدۇ، ئۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرى ھازىرقى زاماننىڭ ئىشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر خىل ئىلمىي ئىش ۋە مەدەنىيەت ئىشى، ئۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتى ۋە تونۇشىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

زامان كىشىلىرىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر چوقۇم تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە تارىخ ئىلمى قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتۇشى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

**3. يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك.**

يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ خۇددى بىزنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللانغىنىمىزغا ئوخشاش ئىش، ئەگەر بىز سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللانمىغان بولساق، سوتسىيالىزمنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولالمايتتۇق، سوتسىيالىزمنى كىتاب يۈزىدە تونۇش بىلەنلا توختاپ قالاتتۇق. بىر دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن بولسۇن ياكى بىر تەشكىلات ۋە بىر توپ ئۈچۈن بولسۇن، ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى. ئۆزى باسقان يول ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە يېتىشىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكەن 20 يىللىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش — بىزنىڭ يېڭى ئەسىردە تەزكىرە خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىزنىڭ ئاچقۇچى. «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتلىرى تەشكىللەپ يولغا قويۇش» تۈزۈلمىسى، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلپى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پاكىتنى چىنلىق بىلەن خاتىرىلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق تەجرىبىلەرنى، ئىشقىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىكى تەجرىبىلەرنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. تەزكىرىنىڭ ئۆزىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرى ھەققىدىكى تارىخىي داستان ۋە خاتىرە دېيىشكە بولىدۇ.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، سۈپەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «تەزكىرە — ئىشەنچلىك تارىخ»، چىنلىق ۋە توغرىلىق - تەزكىرىنىڭ تۈپ نېگىزى، سۈپەت - تەزكىرىنىڭ ھاياتى ۋە قىممىتى، بىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈشتىكى ئاساسىمىز ۋە شارائىتىمىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاياقلاشقان ۋاقىتتىكى ئاساس ۋە شارائىت ئەمەس. ئۇ چاغدا تاشلىنىپ قالغان ئىشلارنى يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇشقا توغرا كېلەتتى، بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر زەرۇبدارلىق بىلەن ئىشلەش ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن تەزكىرە تۈزگەن ۋە ماتېرىيال توپلىغانىدى. ھازىر بولسا تەزكىرە خىزمىتىمىز ياخشى ئاساسقا ۋە شەرت - شارائىتقا ئىگە بولدى. كەم دېگەندىمۇ 5000 توم تەزكىرە كىتابىمىز بار، يەنە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان شۇنچە نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاندى، يەنە زامانىۋىلاشقان تەزكىرە تۈزۈش ۋاسىتىلىرىغا ئىگە بولدۇق، ئاساس ۋە شەرت - شارائىت ئوخشىمىغانىكەن، ۋەزىپە بىلەن تەلەپمۇ ئوخشىمايدۇ. تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە سۈپەت جەھەتتىن يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇش، باشلىنىشتىلا سۈپەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇش لازىم. نادىر ئەسەر چىقىرىش ئېڭىنى خىزمەتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ۋە ھەر بىر ھالقىسىغا سىڭدۈرۈش، بارلىق خىزمەتلەردە نادىر ئەسەر چىقىرىشنى تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاساسىي روھى قىلىش ، سان ۋە سۈرئەتنىلا كۆزلەپ ئىش قىلماسلىق كېرەك. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق بولىدۇكى ، بۇندىن كېيىنكى 10 يىلدا، بىز يەنە تۆت -بەش مىڭ ياكى بەش - ئالتە مىڭ پارچە تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈپ چىقىمىز. ئەگەر سۈپەت جەھەتتە مەسىلە

www.uyghurkitap.com

چىقسا، ئۇنداقتا قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرەر؟ يالغۇز ئەۋلادلارغىلا زىيان يېتىپ قالماستىن، هازىرقى زامانغىمۇ زىيان يېتىدۇ، تەزكىرە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگە ۋە مۇھىم مەدەنىيەت قىممىتى ھەم ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان تەزكىرىلەرنى چىقىرىپ، تەزكىرە تۈزۈشنى ھەقىقىي تۈردە ئىلمىي سىستېمىغا، بىر ئىلىم ۋە بىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىشلەش كېرەك. بىر ياخشى تەزكىرە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئىلمىي ئەسەردىن قېلىشمايدۇ، ئىلمىيلىككە، مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان «داڭلىق» تەزكىرە، «ياخشى» تەزكىرىلا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ، ئەۋلادلارغا ئۆرنەك بولالايدۇ. هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. ھەر بىر تەزكىرە بىر ئىلمىي ئەسەر، شۇنداقلا بىر نادىر ئەسەر، بۇ يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتىگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپ. مەن هازىرقى تەزكىرىلىرىمىزدە زور سۈپەت مەسىلىسى بار دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەلۋەتتە. مەسىلە ھامان بار، بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ تارىخىي، ئوبيېكتىپ سەۋەب بار. دېمەكچى بولغىنىم، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىدە ئەگەر دەسلەپتىلا سۈپەت 1 - ئورۇنغا قويۇلمىسا، كەلگۈسىدە تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرى سۈپەت جەھەتتە يارامسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ تەنقىدى ۋە ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. تەزكىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، بىرىنچىدىن، ماتېرىيال جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈش، ماتېرىيالنى تولۇق تەييارلاش ۋە يىغىش ئاساسىدا تەزكىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تۈزۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، تەزكىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قېلىپى ۋە ئۇقۇم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بىزنىڭ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزدا ئۆزگىچە ئىلمىي تىل، گەپ - سۆز سىستېمىسى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇقۇم، كاتېگورىيە، قۇرۇلما، بەلگىلىمە ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا بىر پەنگە ئايلاندى. تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا جۇڭگو تارىخىدىكى ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، باشقا پەنلەرنى بولۇپمۇ فىلولوگىيە، ئىجتىمائىي پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ تەزكىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىلمىي قېلىپىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقانداق مەدەنىيەت بىلىمى ئىلمىي خاراكتېرگە ئىگە بولمىسا ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىشى، تارىختا ساقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ياخشى پىلانلاش كېرەك. ئەمدى تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش باشلانغان چاغدىكىدەك ئالدىراش - تېنەش ئىشقا كىرىشىشكە بولمايدۇ. تولۇق دەلىللەش ۋە پىلانلاش كېرەك. خۇددى دۆلەت پىلان كومىتېتى بىر تۈرنى تەستىقلاشتا ئالدى بىلەن ئۇ تۈرنىڭ ئىلمىيلىكى، زۆرۈرلۈكى، مۇمكىنچىلىكىنى قايتا - قايتا دەلىللىگەنگە ئوخشاش. بۇنداق مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن بولۇپ قالدى. بىز يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرىلەرنى تۈزۈشنىمۇ جەزمەن تولۇق دەلىللىشىمىز كېرەك. تولۇق دەلىللەشنىڭ ئۆزى تەجرىبەلەرنى يەكۈنلەش، بىر قېتىملىق تەربىيىلەش، بىر قېتىملىق ئۆگىنىش، تەجرىبىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار مەيلى تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنى تاماملىغانلار بولسۇن، ياكى بۇ خىزمەتنى تېز سۈرئەتتە ئىشلەۋاتقانلار بولسۇن ھەممىسى يېڭى جۇڭگونىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش پىلانىنى دەلىللەپ چىقىشى كېرەك. تەزكىرىنى قانداق تۈزۈش، نېمىنى تۈزۈش، نېمە ئۈچۈن تۈزۈش دېگەنلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. مەملىكەت مىقياسىدىن ئالغاندا، 20 مىڭ كەسپى

خادىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يېڭى ئەسىردىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئاتلاندۇرماقچى بولىدىكەنمىز، ۋەزىپىنى تەقسىم قىلىشتا ئالدىراپ كەتمەي، تازا قىممەتكە ۋە تازا ئىستىقبالغا ئىگە پىلاننى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كۆپچىلىك خىزمەتكە ئاتلىنالايدۇ، ئاندىن قانداق قىلىشنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. پىلانلاشنى بىر يەن قاتارىدا كۆرۈش كېرەك. جايلار پىلان تۈزگەندىن كېيىن ئۇنى، ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنى خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

## 4. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

تەزكىرە تۈزۈش بىلەن تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت: ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ئاساسىدا 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنى باشلاشتىكى مۇھىم ھالقا. تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا، تەزكىرىدىن زامانىمىزدىكى ئادەملەرمۇ، كەلگۈسى ئەۋلادلارمۇپايدىلانغاندىلا، ئاندىن تەزكىرىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ، تەزكىرە ئاندىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرەلەيدۇ، خەلققە پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. تەزكىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى، راست - يالغانلىقىنى ۋە توغرا - خاتالىقىنى سىنىغىلى بولىدۇ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىلمىسا، تەزكىرە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئەمەلىيەت ئۆلچىمىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ، پەقەت تەزكىرىچىلەر ھوزۇرلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، جامائەتكە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۈلۈك بولالماي قالىدۇ. يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا قارىتىش لازىم، بۇنىڭدىن مەقسەت - تەزكىرىنى تېخىمۇ ياخشى تۈزۈش، بۇ - بىز تەزكىرە خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

تەزكىرىدىن پايدىلىنىشتا دادىل ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇش كېرەك. تەزكىرە ئالدى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، تەبىئىيكى، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە ئېھتىياجىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئېھتىياجىدىن ئايرىلىپ قالغان تەزكىرىدىن كېيىنكىلەر قانداق پايدىلىنالىسۇن؟ تەزكىرە ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلغاندا، كېيىنكى ئەۋلادلار تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى خۇلاسىلەيدۇ. ئەگەر تەزكىرىدىن پايدىلىنىلمىسا ياكى تولۇق پايدىلىنىلمىسا، تەزكىرە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا قانداقمۇ ئېرىشەلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىنى قانداقمۇ نامايان قىلغىلى بولسۇن؟ ئەسقاتىدىغان نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ. ماركسنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، بىر مەھسۇلات تاۋار بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇشى، باشقىلارغا ئەسقېتىشى، بازاردا باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك، ئەسقاتمىسا، ساتقىلى بولمىسا تاۋار بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ.

تەزكىرىدىن ئىبارەت بۇ مول جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، بايلىق خەزىنىسىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل مەخسۇس ئەسەر، ئىلمىي ماقالە، ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىش كېرەك ھەمدە تەزكىرىگە ئائىت ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى، نۇر دىسكا قاتارلىق ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىشنى سىناق قىلىش كېرەك، سېپىرلاشتۇ- رۇش، تورلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ماتېرىياللارنى زامانىۋى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يىغىپ،

رەتلەپ، پىششىقلاپ، ساقلاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەزكىرىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تەزكىرىنىڭ نەتىجە قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تەزكىرىدىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس خىزمەت يىغىنى ئېچىش كېرەك. تەزكىرىدىن نىشانلىق پايدىلىنىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتكە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى قانداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ بېرىشنى بىلىش كېرەك . ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، مەكتەپلەر، ئادىي پۇقرالار ئۈچۈن قانداق مۇلازىمەت قىلىش، ياش زىيالىيلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز يۇرتىنىڭ تەزكىرىلىرى بىلەن قانداق تەمىنلەش قاتارلىقلارنى بىلىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئوقۇلۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، رەھبەرلەر ۋە ئاممىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىلىرىنى چىقىرىپ، كادىرلار ئوقۇشلۇقى ۋە ئامما ئوقۇشلۇقلىرىنى ئىشلەپ، تەزكىرە كىتابىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈستەل كىتابىغا، ئاممىنىڭ ئائىلە كىتابىغا ئايلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى مۇھىت ۋە شارائىتقا ئىگە قىلىپ، ئۆزئارا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

**5. ئىختىساسلىق تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

تەزكىرىنى ئادەم تۈزىدۇ، تەزكىرىچىلەرنىڭ ساپاسى تەزكىرىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ، تەزكىرىچىلەرنىڭ ساپاسى قانداق بولسا تەزكىرىنىڭ سۈپىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. تەزكىرىنىڭ سۈپىتى ئىختىساسلىق خادىملارغا باغلىق! يېڭى ئەسىردە، يېڭى تارىخىي دەۋردە، تەزكىرە تۈزۈشتە ناھايىتى ياخشى شارائىتقا ئىگە بولدۇق. ھەرقانداق بىر ئىلىم، بىر پەننى بەرپا قىلىشتا، بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە مۇتەخەسسىسلەرگە تاياناماي بولمايدۇ. شۇڭا مەن جايلارنىڭ كونا - يېڭى تەزكىرىچىلەر ئالمىشىۋاتقان ۋاقىتتا، قوشۇننى بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولۇقلاپ، تەزكىرە ئىشىغا ئىرادە باغلىغان بەزى ياشلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ياخشى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى، ئىلىم - پەن يولىدا پارلاق ئىستىقبال كۆرسىتىپ بېرىشنى، ئۇلارنى بىرنەچچە يىل چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد تەزكىرە مۇتەخەسسىسلىرىگە ئايلاندۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن. گۇۋۇيۈەن بۇرۇن تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئۇنۋان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە تەستىقىي يوليورۇق بەرگەنىدى. جايلار بۇ خىزمەتنى تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك.

ئىشىنىمەنكى، يەنە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ ساھەدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بىر تۈركۈم ئالىملار جەزمەن يېتىشىپ چىقىدۇ؛ تەزكىرىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىلىم ۋە پەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئىلىم قىممىتىنى بارغانسېرى روشەن نامايان قىلىدۇ، بۇمۇ بىز تەزكىرىچىلەرنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىمىز. تارىخشۇناسلارنىڭ تارىخشۇناسلارغا خاس ۋەزىپىسى بولىدۇ. تەزكىرىشۇناسلارنىڭ تەزكىرىشۇناسلارغا خاس ۋەزىپىسى بولىدۇ. بىز تەزكىرىنى تۈزۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى تەزكىرىچىلىكنى بىر ئىلىم قىلىپ تۇرغۇزۇپ چىقىشىمىز، تەزكىرىچىلىك ئىلمىنى بەرپا قىلىشىمىز، تەزكىرە مۇتەخەسسىسلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشىمىز لازىم. مەن«تەزكىرە ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» نى تۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۆزىمىزنىڭ ۋە خەلقئارانىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش،

تەزكىرىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىلمنى يىغىنچاقلاش ۋە يەكۈنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. «تەزكىرە ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» يەنە نەزەرىيىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇ ئاساسىي خىزمەتكە ھازىردىن باشلاپ كىرىشىشكە بولىدۇ، بەلكى كىرىشىش كېرەك.

كېلەر يىلى تەزكىرە ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، دەرسلىك تۈزۈپ، جايلاردىكى تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە تەييارلىق كۆرىدۇ. كېلەر يىلى ئەڭ ياخشىسى بىر نەچچە خىل شەكىلدىكى دەرسلىكنى تۈزۈپ بولۇش كېرەك، ئەگەر شارائىت يار بەرسە بەزى جايلارمۇ ئوخشىمىغان دەرسلىكلەرنى تەڭ تۈزسىمۇ بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. كېلەر يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ بىرنەچچە يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەش، يارىتقان تەجرىبىلىرىمىزنى يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ مەنىۋىي بايلىقىغا، يېڭى ئەۋلاد تەزكىرىچىلەرنىڭ بىلىم ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەزكىرىچىلىككە چىڭ ئىرادە باغلىغان، تۆھپە قوشۇشنى خالايدىغان بىر تۈركۈم تەزكىرىچىلەر بولمىسا، بىر تۈركۈم ئالىم ۋەمۇتەخەسسىسلەر بولمىسا تەزكىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز يەنە تەزكىرىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ يەنە تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا، تەزكىرىچىلەر قوشۇنىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى، تەزكىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

### 6. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك.

بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئاساسەن ياشلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا داۋاملىق مۇلازىمەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىغا تەشكىللاتچىلىق قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن باشقا، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى، تەزكىرىشۇناسلىق ھەققىدىكى ھەمدە تەزكىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قېلىپى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىشى كېرەك. بىز نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ كەلدۇقمۇ - يوق؟ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش ناھايىتى تەخىرسىز ۋەزىپە، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا، ئىلمىيلىك ۋە ئىلمىلىك تەكىتلەنمىسە، تەزكىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

كېلەر يىلدىن باشلاپ، تەزكىرىگە ئائىت تەتقىقات تېمىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا، نەزەرىيە ساپاسىغا ئىگە، تەزكىرە خىزمىتىگە ئىرادە باغلىغان بىرتۈركۈم كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھازىر تەزكىرىچىلىك ژۇرناللىرىغا يەنىلا خىزمەت خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر كۆپرەك بېسىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بەزى نەزەرىيە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى بېرىپ تۇرۇشقا، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، جايلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە يارىتقان ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلاش ۋە يەكۈنلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنە كېلىپ ھەر يىلى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ تۇرۇش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭچە بۇنىڭدىن كېيىن جالاردىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىمۇ تەزكىرە خىزمىتىگە قاتنىشىشى كېرەك. گوۋيۇەن تەزكىرە خىزمىتىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كونكرېت باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى، جايلاردىكى يەرلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىمۇ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ۋە تەزكىرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا پائال قاتنىشىشى كېرەك. فىلولوگىيە ئىجتىمائىي پەنلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى ھەمدە تەزكىرە نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرمۇ تەزكىرە خىزمىتىگە قاتنىشىشى، جايلاردىكى تەزكىرە تارماقلىرىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەزكىرە خىزمىتىگە قاتنىشىشقا پائال جەلب قىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن، بەزىلىرى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. بەزىلىرى يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە بىۋاسىتە قاتناشسىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پېنسىيىگە چىققان ئالىملارنىڭ، بولۇپمۇ تارىخ ۋە سىياسىي ئىقتىسادنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى تەزكىرە خىزمىتىگە ئىرادە باغلىغان، ھېچ بولمىغاندا تەزكىرە خىزمىتىگە قىزىقىدۇ. قىسقىسى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىگە ئىرادە باغلىغان ھەرخىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى جەلب قىلىپ، ئۇلارنى تەزكىرە خىزمىتىگە ئوخشىمىغان ساھەلەردىن قاتناشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا تەزكىرە تۈزۈش بولۇپمۇ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە جەزمەن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ كەڭ زېمىن يارىتىلى بولىدۇ.

**7. يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە تۈزۈلمە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.**

ھەرقانداق تۈزۈلمە بىرخىل تۈزۈم كاپالىتىدىن ئىبارەت. ئەگەر يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندا، تۈزۈلمە ئەمەلىيلەشمىسە، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈلمىلەر، جۈملىدىن رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە ئىچكى ـ تاشقى ھەمكارلىق تۈزۈلمىسى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلمىسە، تەزكىرە خىزمىتىنى جەزمەن ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، جەزمەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تۈزۈلمىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. جايلاردىكى تەزكىرە ئىشخانىلىرى بۇ مەسىلىنى بىر مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە ئۆز جايىدىكى ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىشى كېرەك.

مېنىڭچە يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە 20 ـ ئەسىردىكى تۈزۈلمىگە پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلغىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، نۇرغۇن ئىشلارنى بازار ئىگىلىكىنىڭ قائىدىسى بويىچە بازارغا خاس يول بىلەن يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، تەزكىرە ئىشخانىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورگىنى بولۇپلا قالماي، يەنە تەتقىقات ئورنى بولۇشى كېرەك . بۇ بىر خىل تۈزۈلمە جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش . بۇنىڭدىن باشقا كادىرلار تۈزۈمىدە كۆپىنچە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك، بۇمۇ تۈزۈلمە مەسىلىسى . خىراجەت جەھەتتە ھۆكۈمەت ئاجراتقان خىراجەتكە تايانغاندىن باشقا، جەمئىيەتتىن ئىئانە ئېلىش كېرەك ، ھەتتا تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىن بىر قىسىم ھەق ئېلىشقىمۇ بولىدۇ . قىسقىسى، تەزكىرىچىلەرگە ئىستىقبالى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى نامايان قىلىش ، جەمئىيەتتىن تېگىشلىك نەپ ئېلىش كېرەك . دېمەك تەزكىرە تۈزۈلمىسى مەسىلىسىمۇ يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ئىشىمىزدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى . بىز ئالدىنقى ئەسىردە ھەل قىلىنغان تۈزۈلمە مەسىلىسىگە مەستخۇش بولۇپ كەتسەك

بولمايدۇ ، بەلكى يېڭى ئەھۋالدا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىمىز كېرەك . تەزكىرە خىزمىتى جەريانىدا يەنە ئىچكى -تاشقى ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك .

## 8. تەزكىرە خىزمىتىدە توغرا يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك

بىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈشىمىز جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تەزكىرىنىڭ جېنى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى بارمۇ - يوق؟ جوڭگونىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي فاكتېن - سىياسەتلىرى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى - تەزكىرىلىرىمىزنىڭ جېنى، تەزكىرە تۈزۈشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. دەۋر روھىدىن، زامانىمىزنىڭ نەزەرىيىسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى-دىن ئايرىلىپ قانداقمۇ زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەزكىرىلەرنى تۈزگىلى بولسۇن؟ مەن تەزكىرىنى ھازىرقى زامان تارىخى دېمەي، ھازىرقى زامان كىتابى دەيمەن، چۈنكى ئۇ بىرخىل ئالاھىدە «تارىخىي تەزكىرە» ، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەمەل-يەت پائالىيەتلىرى خاتىرلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھازىرقى زامان كىتابى ئەلۋەتتە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىدىيە - نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئىپادىسى، ھازىرقى زامان كىشىلىرى پائالىيىتىنىڭ بايانى. بۇ نۇقتىنى تەزكىرە خادىملىرى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

يېڭى ئەسىردە بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسىيال-ىزىم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» يېتەكچى ئىدىيىسىنىقانداق ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ كونكرېت تەرەققىيات فاكتېنى، سىياسەت ۋە ۋەزىپىلىرى بولىدۇ. تەزكىرىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆزىپىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بەلگىلىگەن فاكتېن، سىياسەت ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۇش كېرەك. ئوخشاشلا ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس فاكتېن، سىياسەت ۋە ۋەزىپىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باش فاكتېن، سىياسەت ۋە ۋەزىپىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، باش فاكتېن، باش سىياسەت ۋە باش ۋەزىپىنىڭ كونكرېت يولغا قويۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى. شۇڭا يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە يېتەكچى ئىدىيە تېخىمۇ ئايدىڭ بولۇشى، دەۋر روھى ۋە زامانىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلار تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك.

تەزكىرە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىر تارىخ. بۇ يەردە مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تارىخ ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتسام، بۇ «تارىخ ياساش» مەسىلىسى. «تارىخ ياساش» دېگەن نېمە؟ «تارىخ ياساش» دېگىنىمىز، تارىخنى كەلسە- كەلمەس تۈزۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر داس يۇندىنى تۆكۈپ، ئۇنى مەينەتلەشتۈرۈپ، قارىغۇسىز قىلىۋېتىش ، بىرمۇ توغرا يېرى يوق قاپقاراڭغۇ جاڭگال قىلىپ قويۇش دېگەنلىك. نەتىجىدە كېيىنكىلەر ھەقىقىي تارىخنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەيدۇ. سىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بەزى كىشىلەر يازغان تارىخنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 70 يىللىق تارىخنى، سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىنىڭ 70 يىللىق

تارىخنى بۇلغاپ قانداق قىلىۋەتكەن؟ پۈتۈنلەي بىر زۇلمەت تارىخ قىلىپ قويغان. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ مىللەت قانداقمۇ ئالغا باسالىسۇن، قانداقمۇ تەرەققىي قىلالىسۇن؟

تارىختا بۇنداق ئىشلار كۆپ بولغان، يەنى بىر دۆلەتنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تارىخى يوقىتىلغان، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئۈزۈۋېلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ، شۇ مىللەت ئۆزىنىڭ مەنۋىي تۈۋرۈكىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ئۇ مىللەت كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، تارىخىدا بىر بوشلۇق پەيدا بولغان - دە، ئۇنىڭ تارىخى نەزەرگە ئالغۇسىز تارىخ بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۇ مىللەت روھىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، دەپسەندە قىلىنغان، ھەتتا ھالاك بولغان. قەلەمدارمۇ ناھايىتى يامان كېلىدۇ، قەلىمنى بىر تەۋرىتىپلا بىر ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى بېكىتىۋېتەلەيدۇ! تۆھپە بىلەن گۇناھ، ھەق بىلەن ناھەق قەلەم بىلەن يېزىلىدۇ، قەلەممۇ ئادەمنى قەتلى، دۆلەتنى ھالاك قىلىۋېتەلەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن تەزكىرىچىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئىلمىي ۋىجدانى، تەزكىرىچىلەرنىڭ قانداق نەزەرىيىگە ئەمەل قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. بەزى كىشىلەر ئاتالمىش «تارىخ ياساش» تا ( بۇ يەردە «تىياتىرچىلىق» نى دەۋاتمايمىز، ئەلۋەتتە ) ياخشىمۇ- ياخشىرا كىشىلەرنىڭ يېزىشى، قىياس قىلىشى، «تەھلىل قىلىش» ى ئارقىلىق يالغاندىن ياساپ چىقىدۇ. ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنىڭ راست - يالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر تارىخنى تەسۋىرلىگەندە، ئۆزىنى گويا تارىخنى يازىدىغان ۋە بېكىتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر ئادەم ھېسابلايدۇ، كېيىنكىلەر مېنىڭ تارىخىي نەزەرىيەمنى يەكۈن دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا يۈز بەرگەن «تارىخ ياساش» ھادىسىسى بىزنىڭ تەزكىرىچىلىرىمىز ئۈچۈن، تارىخشۇنالىق ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر ساۋاق. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى (سوتسىيالىزم) تارىخىنى، سوۋېت كومپارتىيىسى تارىخىنى يېزىشىمىز كېرەك، سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى بۇ تەجرىبىنى بىز يەكۈنلىشىمىز كېرەك. بۇ بايلىقىا كوممۇنىستلار ۋارىسلىق قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟ مەيلى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى بولسۇن، مەغلۇبىيەت تەجرىبىسى بولسۇن، ھەممىسى تارىخىي تەجرىبە، ھەممىسى ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مىراس.

ھازىر بىز ھازىرقى زامان تارىخنى بايان قىلىشتا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەينەن بايان قىلىشىمىز كېرەك. تارىخ يېزىش سۈرەتتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق تارىخ ھازىرقى زامان تارىخى بولىدۇ، ھەممە تارىخشۇناسلىق قويۇق ئىجتىمائىي تۈس ئالغان بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارىخ يازىدۇ؟ يەنەكېلىپ بەزى تارىخلار نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان يېزىلىپلا كېلىۋاتىدۇ؟ بۇ يەردە ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى بار. بىز تارىخنى دەۋر روھى جەھەتتىن چۈشىنىشىمىز، تارىختىكى ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ چەكلىمىلىكلىكى بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ تارىخىي، سىنىپىي چەكلىمىلىكلىكى بولىدۇ. تەزكىرىمىزنىڭمۇ ئوخشاشلا چەكلىمىلىكلىكى بولىدۇ، بىراق بىز تارىخنى ھەقىقىي، توغرا خاتىرىلەشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. 1986 - يىلى يولداش خۇچياۋمۇ تەزكىرە خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان بىرخىل خاھىشقا، يەنى تەزكىرىنى ئارتۇقچە سىياسىيلاشتۇرۇپ، تەشۋىقاتلاشتۇرۇپ، تارىخىي پاكىتلار ۋە تارىخىي جەريانىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان خاھىشقا دىققەت قىلىش ھەققىدە مەخسۇس سۆزلىگەندى. ئۇ بۇ جەريانىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا يولداش خۇياۋباڭمۇ

( ئاخىرى 19 - بەتتە)

# 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 1-قېتىملىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

(2001-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى)

3-نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 2001-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلدى ھەمدە شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى بېيجىڭدا 1-قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى تيېيىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن گاۋ چياڭ، جۇ جيامۇ، شۇ گېنچۇ، ماۋفۇمىن قاتارلىق يولداشلار ۋە گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن بولۇپ 31 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش گاۋ چياڭ ئالدى بىلەن 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، ئاندىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يولداش جۇ جيامۇ 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپلىرى ۋە تەشكىللىنىش جەريانى، مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ 3-نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باش كاتىپى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ھەققىدە بەرگەن تەكلىپلىرىنى تونۇشتۇردى؛ دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي ئارخىپخانىنىڭ باشلىقى، تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ماۋفۇمىن «مەملىكەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) توغرىسىدا ئىزاھ بەردى. يىغىندا يەنە يولداش شەن تيەنلۇننىڭ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە 3-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا 2-نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە مەملىكىتىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپ ۋە تەجرىبىلەر ئەستايىدىل يەكۈنلەندى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقلىرى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى؛ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت تەسەۋۋۇرى ۋە ۋەزىپىسى بېكىتىلدى. يىغىندا جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەملىكەت بويىچە تەزكىرە خىزمىتىنى تەشكىللەيدىغان، ماسلاشتۇرىدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاپپارات ئىكەنلىكى ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نۆۋەتتىكى تەزكىرە ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش كېرەكلىكى تەكىتلەن-

www.uyghurkitap.com

دى.

يولداش گاۋ چياڭ سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئەزالىرى كېڭىشىش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە بېكىتىش جەريانىدا جۇروڭجى، خۇجىنتاۋ، لى لەنچىڭ، لى تيېيىڭ، زېڭ چىڭخۇڭ ۋە ۋاڭ جوڭيۈ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار بۇ ھەقتە يوليورۇق ۋە ئىلھام بەردى، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقىدا قۇرۇلغان، بىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇندىشىمىز كېرەك.

يولداش گاۋ چياڭ ئەل گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈش ئېلىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ئېلىمىزدە «ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار تارىخنى، بىرەر جاينى ئىدارە قىلغۇچىلار تەزكىرىنى ئەينەك قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. تارىختا ئەل گۈللىنىپ، دۆلەت مۇقىملاشقان، سىياسەت راۋان، خەلق ئىناق ئۆتكەن، توختاپ قالغان ئىشلار قايتا يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىك گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن چاغلاردا مۇقەررەر ھالدا تەزكىرە تۈزۈلۈپ، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر خاتىرىلىنىپ، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈپ كەلگەن. ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بولۇپمۇ يولداش لى تيېيىڭنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە تەزكىرە خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىزنىڭ بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئېچىپ، ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت.

يولداش گاۋ چياڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: تەزكىرە خىزمىتى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت ئېغىر. تەزكىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ، ئۇنىڭدا ھەم تارىخىي خاتىرىلەر بار، ھەم پىششىقلانغان ۋە ئۆستۈرۈلگەن ماتېرىياللار بار. بىز تۈزگەن تەزكىرە ھەم تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ھەم ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشىنىڭ تەلىپى بويىچە مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تەزكىرە تۈزۈشتە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ـ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش» ، بۇ خېلىلا يۇقىرى تەلەپ ۋە باھا ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا تەزكىرە خىزمىتى ھەرگىزمۇ بىر پارچە كىتاب چىقىرىپ، ئازراق ماتېرىيال قالدۇرۇپ قويسىلا بولىدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى زور سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئۇلۇغۋار ئىش، بۇ «ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان مۇھىم خىزمەت. شۇڭا بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن زامانىمىز ۋە ئەۋلادلارغا ھازىرقى زامانغا تۆھپە قوشىدىغان، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

يولداش گاۋ چياڭ تەزكىرىنىڭ مۇھىم رولىنى مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى: 1) تەزكىرە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە ئاساسلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ؛

2) مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى شۇ رايون ۋە شۇ كەسىپنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ 3) تەشۋىقات، مائارىپ تارماقلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە كوللېكتىۋىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ 4) تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ 5) شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئالاقە باغلاش يولى ئاچىدۇ؛ 6) كەڭ كادىرلارغا ئىبرەتلىك رولىنى ئوينايدۇ، بىزنى ئىش قىلىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ، خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىش قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان ياخشى نامى ۋە سېسىق نامى تەزكىرە كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىدۇ.

يولداش گاۋچياڭ تەزكىرە خادىملىرىدىن تەزكىرە خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەس روھ ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئىستىل بىلەن ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تەزكىرە خىزمىتى جاپالىق، ئالدىراش ۋە زېرىكىشلىك خىزمەت، تەزكىرە تۈزۈش تارىخىي ماتېرىياللارغا ۋە ئادەملەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. تەزكىرە تۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تارىخىي ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇشقا، نۇرغۇنلىغان ئارخىپلارنى كۆرۈشكە شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەرنى زىيارەت قىلىشقا، نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، قىيىنچىلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەگە قارىتىلغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ - پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات سۇنۇش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقە باغلاش، ئۇلارنىڭ خىراجەت ۋە باشقا خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى قوللىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يولداش گاۋچياڭ سۆزىدە يەنە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلەرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى قوللىشىنى ۋە چۈشىنىشىنى، تارقىتىشقا تېگىشلىك ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ بېرىشنى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت شارائىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ خىزمەتكە قاتناشقانلارنىڭ نۇرغۇنى ياشقا چوڭراق كىشىلەر، سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ يولداشلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئاسرىشى، ئۇلارنى زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، مۇستەھكەم ۋە ئىرادىلىك تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. قىسقىسى، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىككىنچىدىن مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۈچىنچىدىن ياخشى روھ ۋە ئىستىل بولۇش، تۆتىنچىدىن ئەقەللىي تەلەپلەرنى قاندۇرالايدىغان خىزمەت شارائىتى بولۇش كېرەك.

يىغىندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يىغىن ئەستايىدىل قاراپ چىقىش ئارقىلىق مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى، يولداش جۇ جيامۇنىڭ تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن خىزمەت يىغىنىدا بېرىدىغان خىزمەت دوكلاتى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ يولداش شەن تيەنلۇننى تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، يولداش چىن چىمىڭنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسىنى ماقۇللىدى. يىغىن «مەملىكەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) نى خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇشقا ۋە يولداش ماۋ فۇمىننىڭ تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشكە قوشۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەملىكەتلىك 3 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

(2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)

مەملىكەتلىك 3 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 21ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى رىياسەتچىلىك قىلدى. 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ـ ساقچى قىسمىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، يۇقىرىقى ئورۇنلار ۋە پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە ئىدارىلىرىدىكى تارىخ ـ تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، قىسمەن ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملاردىن بولۇپ 150نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئېلىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان، تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولغان، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلانغان ھالقىلىق پەيتتە ئېچىلدى.

يىغىننىڭ ۋەزىپىسى: ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكـ چىلىكىدە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، «1 ـ ئىيۇل» مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 2 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق تەزكىرە خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىش، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىگە سەپەرۋەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېلىمىزدىكى بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى تيېيىڭ يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى جۇ جيامۇ «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ ، يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى، دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي ئارخىپخانىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماۋ فۇمىن « ‹مەملىكەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە› توغرىسىدا بىر قانچە ئىزاھ» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە يىغىن قاتناشچىلىرى يولداش لى تيېيىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، «بىر قانچە بەلگىلىمە» ھەققىدە قىزغىن

مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. سەككىز ئۆلكە، شەھەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىندا سۆزگە چىقتى، ئۇلار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنى باشلاش، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، تەزكىرە كىتابلىرى بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە تەجرىبە ئالماشتۇردى.

ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈ گېنچۇ يىغىن ئاياغلاشقاندا «يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەزكىرە ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خۇلاسە سۆزى قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئېچىش، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا ئىلھام بېرىپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلاشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش ۋە شۇنىڭغا دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى بولدى. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىز تەزكىرە تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم تەسىر پەيدا قىلغۇسى!

يىغىننىڭ ئاساسىي روھى تۆۋەندىكىچە:

1. ئېلىمىزنىڭ تەزكىرە ئىشلىرىدا بەش يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: 2 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى بەش يىلدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېلىمىز تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ئەسلىدىكى ئاساستا يەنە زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نۆۋەتتە ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 4789 توم نەشىردىن چىقىپ، پىلاندىكى 6320 توم تەزكىرىنىڭ %8.75ى تاماملاندى. باشقا بىرمۇنچە تەزكىرە كىتابلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشىر قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ۋە تەزكىرە خادىملىرى سۈپەت ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى. 1997 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 51 توم تەزكىرە كىتابى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 128 توم تەزكىرە كىتابى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 13 ئۆلكە، شەھەرنىڭ تولۇقسىز مەلۇماتىغا قارىغاندا، 530 توم تەزكىرە كىتابى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردىكى تەزكىرە خادىملىرى يەنە كۆپلىگەن يەرلىك ئۇنۇۋېرسال يىلنامىلەرنى نەشىردىن چىقاردى. ئىككىنچى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسەن ئورۇندىلىشىغا ئەگىشىپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى قىسمەن ئۆلكە، شەھەرلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن باشلاندى. 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە 19 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى رەسمىي ئورۇنلاشتۇردى. بەش يىلدىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق خادىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100 مىڭ كىشىلىك مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى تەزكىرىچىلىك قوشۇنى شەكىللەندى. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدىمۇ تېز ئىلگىرىلەش بولدى، 1000 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 100 دىن ئارتۇق مەخسۇس ئەسەر نەشىر قىلىندى؛ قىسمەن ئۆلكە، شەھەرلەر يەنە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ۋاستىلىرىنى تەزكىرە خىزمىتىگە ئېلىپ كىردى؛ سىفىرلاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ياخشى باشلىنىش بولدى؛ كۆپلىگەن جايلار تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ساقلىنىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرگىمۇ توغرا قاراش كېرەك. مەسىلەن: ئاز ساندىكى رايونلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ئاستىراق بولغانلىقى ئۈستىگە، مۇناسىپ ياخشىلاش تەدبىرلىرىمۇ قوللىنىلمىغان. نەشىر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى تەكشى ئەمەس، ئاز ساندىكى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى جەھەتتىكى مەسىلە بىر قەدەر گەۋدىلىك؛ بىر قىسىم رايونلاردا ئاپپارات ۋە خادىملارنىڭ مۇقىم بولماسلىقى تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن؛ تەزكىرە كىتابلىرى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتى تېخى ئومۇملاشمىغان ۋە چوڭقۇرلاشمىغان. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

2. يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاش بىلەن بىللە سۈپەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى ئەسىردە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش ھەققىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولغان ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق پەيتتە باشلاش كېرەك. يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بۇندىن كېيىنكى بەش يىلدا مەيلى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان ياكى تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداۋاتقان رايونلار بولسۇن، ھەممىسى 2- نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئارقا - ئارقىدىن باشلىشى ھەمدە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش پىلانىنى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە، يىغىندا يولداش لى تېيىڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرى تەكىتلەندى. مەسىلەن: تەزكىرە خىزمىتىگە پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، تەزكىرە كومىتېتى تەشكىللەپ يولغا قويۇش تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ تەزكىرە خىزمىتى قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان خىزمەت ئەمەس، ئۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئاساسلىقى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى؛ تەزكىرە خىزمىتىدە «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» يەنى بۇ خىزمەتنى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇن (ئالاھىدە ئۇنۋانى بارلار) نى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: يولداش لى تېيىڭنىڭ بۇ يوليورۇقى ئوننەچچە يىلدىن بۇيانقى تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان چوڭقۇر خۇلاسە ۋە ئىلمىي يەكۈن بولۇپ، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ئومۇمىي خاراكتېرلىك ھالقىلىق يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، جايلار بۇنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىدە چوقۇم تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشنى چوقۇم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يولداش لى تېيىڭنىڭ «نادىر ئەسەر يارىتىشنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي روھى قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىنىشتىلا بىر قەدەر يۇقىرى نۇقتىدىن باشلاش كېرەك. يىغىن داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىلەرنىڭ سۈپىتىگەكاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى نۇقتىلىق ياخشى ھەل قىلىش كېرەك دەپ قارىدى: (1) ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى - تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، شۇنىڭدەك تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە قىلچە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم

ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيىنىڭ بىر قاتار فاڭجىن، سىياسەت، قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؛ (2) داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىلەردە ئاساسلىقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسى خاتىرىلىنىدۇ، شۇڭا يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىدە دۇچ كېلىدىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ (3) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش - تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تۈپ پرىنسىپى، شۇڭا ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، چىنلىقنى ساقلاپ قېلىش، راستچىل بولۇش، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىلەرنى ئىشەنچلىك، ياراملىق قىلىش، ئۇنى دەۋرىمىزنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆرنەك بولۇش رولىنى ئوينايدىغان قىلىش؛ (4) قوشۇن قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىلەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (5) تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر مول تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى نەزەرىيىنىڭ جەۋھىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، ئىلمىي، سىستېمىلىق، دەۋر روھىغا ئىگە يېڭى نەزەرىيىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنى نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ (6) تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، نەشر قىلىش تەرتىپلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تەزكىرە ئورگانلىرىنى ئەستايىدىل باھالاپ، قايتا قايتا تۈزىتىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، خاتالىققا يول قويماي، تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەزكىرە تۈزۈش - بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، شۇڭا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى جەريانىدىكى ھەر بىر ھالقا، ھەر بىر باسقۇچتا باشتىن - ئاخىر سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك.

3 . تەزكىرە خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە تايانچلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىن مۇنداق قارىدى: تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان مەدەنىيەت ئاساسى قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نەپ يەتكۈزىدىغان مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان مەدەنىيەت، سىستېما قۇرۇلۇشى، جايلاردىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئاپپارات ئىسلاھاتى جەريانىدا بىر تۇتاش ئويلىشىپ، تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە تايانچلار قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېتىبار بېرىپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: جايلاردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى قوشۇن تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ نەزەرىيەۋى ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاسپىرانتلار بىلەن قوشۇننى تولۇقلاشقا دىققەت قىلىپ، تەزكىرە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەزكىرە ئىشلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەدرىجىي شارائىت يارىتىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتە خېلى ئاساسقا ئىگە بولدى. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 1985 - يىلى «تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» نى تارقاتقانىدى. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپلىگەن «چارە» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن تاماملاندى، يېڭى بىر

www.uyghurkitap.com



نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى باشلاندى، بىز نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىمىز، ئەسلىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ بەلگىلىمىلەرنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا «مەملىكەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» نىڭ ئورگىنالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىققاندى، يىغىندا بۇ بەلگىلىمە ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە قارار چىقىرىلدى، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى ئاساسىدا قايتا تۈزۈتىلگەندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن جايلارغا تارقىتىلىدۇ، پىشقاندىن كېيىن گوۋۇيۈەنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. يىغىندا مۇنۇلار ئۈمىد قىلىندى: مەملىكەت خاراكتېرلىك قائىدە - نىزام ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك قائىدە - نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە تەزكىرە قانۇنى تۇرغۇزۇشقا ئاساس يارىتىپ بەرسە بولىدۇ.

4. تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلىش كېرەك.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: يېڭىچە تەزكىرە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئومۇمغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان نەرسە بولۇشى، ھەرگىز ئاز ساندىكى كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت ھەم تارىخنى خاتىرىلەش، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ھەم نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا تەزكىرە بايلىقىنى پائال ئېچىپ پايدىلىنىش - ئەنئەنىۋى تەزكىرە تۈزۈشنىڭ راۋاجى ۋە داۋامى شۇنداقلا تەزكىرە تۈزۈشكە ئوخشاشلا مۇھىم ۋەزىپە. جايلار ئۆز يېرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەزكىرە نەتىجىلىرىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشمۇ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، چۈنكى تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپەتلىك ياكى سۈپەتسىز، چىن ياكى ساختا، توغرا ياكى خاتالىقىنى، كېلەر نۆۋەتلىك تەزكىرىنى قانداق ياخشىلاش كېرەكلىكىنى بىلەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىقلا جەمئىيەت تەزكىرە خىزمىتىنى چۈشىنىدۇ، ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاپپارات ۋە قوشۇن ئاندىن مۇقىملىشىدۇ، تەزكىرە ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا ئەنئەنىۋى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىشتىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىدە سىفىرلاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىقتىن ئورتاق مەنپەئەتدار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرغان، ئىنتېرنېت تورىغا كىرگەن ئورۇنلار پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. سانلىق مالۇمات ئامبىرى قۇرمىغان ئىنتېرنېت تورىغا كىرمىگەن ئورۇنلار شارائىت يارىتىپ، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بەش يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە تەزكىرە سىستېمىسىدا ئىنتېرنېت تورىنى ئاساسەن بەرپا قىلىدۇ.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: تەزكىرە سارىيى يىغىپ ساقلاش، تۈزۈش، تەتقىق قىلىش، مۇلازىمەت قىلىشنى بىر گەۋدە قىلسا بولىدۇ. تەزكىرە سارىيى قۇرۇش تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىر. تەزكىرە سارىيى قۇرۇپ بولغان ئورۇنلار ئۇنى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ، فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشى كېرەك. تېخى تەزكىرە سارىيى قۇرمىغان، بىراق

قۇرۇشقا شارائىتى بار جايلار ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ پائال قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەزكىرە سارىيىنى بالدۇرراق قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بېيجىڭ شەھىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت، بېيجىڭ تەزكىرە سارىيى قۇرۇپ، ئۇنى مەدەنىيەت ئاساسي قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تېزدىن تۇر تۇرغۇزۇپ يولغا قويۇشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 2000 - يىلنىڭ ئاخىرى ياكى 2003 - يىلى مەملىكەتلىك تەزكىرە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى ۋە ئىلغار كوللىكتىپلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە تەزكىرە ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭمۇ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئوتتۇرا ياش، ياش تايانچلارنى كېڭەشنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر ۋە ۋاقتىدا بولدى. مەملىكىتىمىز تەزكىرە خادىملىرى نەتىجىلەرنى كۆرۈشى، ۋەزىيەتنى تونۇپ، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى سەپلەردىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، يولداش جياڭ زېمىن ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ، يېڭى ئەسىردە تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

---

(بېشى 10 - بەتتە)

جۇڭگىدا تەزكىرە مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندى، ئۇ جۇڭگونىڭ تارىخىدا تارىخنى، جۇملىدىن ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ جۇڭگىنى قوشۇمچە پايتەخت قىلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، دېگەنىدى. دېمەك، تەزكىرىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تارىخنى ئەينەن ساقلىشىدا، چىنلىقنى يېزىش ئەھمىيىتى بولغانلىقىدا. بۇمۇ كەلگۈسىدە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى بەرپا قىلىشتا دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە.

بىز ھازىر ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ھاياجانلىق زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە تۇرماقتىمىز. تەزكىرە ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپ خىرىس ۋە پۇرسەتكە دۇچ كېلىدۇ. ئەل گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ يېڭى ئەسىردە پائال ئىلگىرىلەپ، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يېڭى يىل كېلەي دەپ قالدى، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن مەملىكىتىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىغا سەمىمىي سالام يوللايمەن. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ يېڭى ئەسىردىكى يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولۇپ قېلىشىغا تىلەكداشمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئابلەت ئابدۇرېشىت

(2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)

يولداشلار:

بۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. ئالدى بىلەن مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! بايا يولداش ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى، يولداش سۇي شۈجيې مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى 2 يىللىق تەزكىرە خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ ئۆتتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، مەن بۇلارغا تامامەن قوشۇلىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى 1983 - يىل 4 - ئايدا قانات يايدۇرۇلغانىدى. 20 يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن 46 توم، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 59 توم، «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بولۇپ 17 توم نەشر قىلىندى، 20 توم تەزكىرە كىتابى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جايلار ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن ماتېرىيال كىتابلار تۈزۈپ نەشر قىلىندى. بۇ تەزكىرە كىتابلىرى، ئومۇمىي ئەھۋاللار ۋە يىلنامىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئويناپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرى ۋە تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم مەدەت بەرگەن ھەر ساھە زاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. نۆۋەتتە بىز شۇغۇللىنىۋاتقان تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىشلىنىۋاتىدۇ، تەزكىرە كىتابى پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، تەزكىرە خادىملىرى تۈزىدىغان ھۆكۈمەت كىتابى بولۇپ، ئۇ جايلارنىڭ تەبىئىتى، فىلولوگىيىسى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇيۈزلۈك، سىستېمىلىق توغرا مۇجەسسەملەنگەن دۆلەت ئەھۋالى كىتابى. ئۇ ئۆزگىچە تارىخ، مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان كىشىلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپلەر ۋە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ غايەت زور ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن تەزكىرە خىزمىتى قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى جەزمەن ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش . ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ ، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقى

كۆچەيتىپ، تۈرلۈك تەزكىرە خىزمەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

**1. تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى بىر قەدەر زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەتنىڭ سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنە خېلى چوڭ. ئاپتونوم رايونىمىز تۈزگەن «ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى» دا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش ئېنىق تەلەپ قىلىنغان. بۇھال بىزدىن ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خىزمەتنى ياخشىلاپ، سۈرئەتنى تېزلىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولالمىغان جايلار ۋە ئورۇنلار مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىگە دائىر پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ۋەزىپىنى ۋاقتىدا تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، چوقۇم سۈپەت بىرىنچى دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى خىزمەتنىڭ بارلىق جەريانىغا ۋە ھەر بىر ھالقىسىغا سىڭدۈرۈپ، تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئېسىل، داڭلىق تەزكىرىلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

**2. تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم**

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەزكىرە تۈزۈش «ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى» ، «ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى» ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇنىڭغا سەل قارىسا بولمايدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرە خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشى، جايلار ۋە تارماقلارمۇ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» يەنى تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈشى، رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇننى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئورۇنداپ، تەزكىرە خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان ئورۇن ۋە ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشى كېرەك.

**3. تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك**

تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن چوقۇم مۇقىم بولغان، يۇقىرى ساپالىق تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئاپپاراتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ساپانى ئۆستۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، جايلار تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان تۈزۈشى كېرەك. تەزكىرە خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ ، سىياسىي ساپاسى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ ، بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى كېرەك. يولداشلار، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە تەزكىرە خادىملىرىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئورتاق تىرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى: ئابدۇقادىر نەسرىدىن

(2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئالدىراش بولسىمۇ يىغىنغا كېلىپ كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەرمەكچى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىسى مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، كېيىنكى باسقۇچلۇق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى يىغىن ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىدىن شۇنداقلا تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، مەدەت بەرگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن، ھەر ساھە زاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سوراپمەن ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن!

بايا يولداش سۈي شۈجيې خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ ئۆتتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، مەن بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى ھەققىدە بىرنەچچە پىكىر قىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. تەزكىرە خىزمىتى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالماي، خاراپلاشماي، بۈگۈنگىچە تەرەققىي قىلىپ باشتىن ئ[illegible] خىر قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، تەزكىرە كىتابىنىڭ ئۆزگىچە تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە جايلار ئەھۋالى كىتابى، دۆلەت ئەھۋالى كىتابى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد پايدىلىنى-لىدىغان كىتاب بولغانلىقىدا. تەزكىرە كىتابىدا بىر رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت شۇنىڭدەك

تەبىئىي مۇھىت قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە دەۋر تەرەققىياتى سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن، تەزكىرە كىتابلىرى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش»تىن ئىبارەت 3 چوڭ فۇنكسىيىگە ئىگە، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كىلاسسىكلىرى ئىچىدىكى گۆھەر، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تارىخىي دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىشىدا مۇھىم ئاساس بولۇپ كەلگەن. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى زورىيىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ بارغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى تەزكىرە تۈزۈش ۋە تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، ئىقتىساد گۈللەندى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىمۇ مەملىكەت مىقياسىدا قايتىدىن ئەۋج ئالدى، كۆلىمى ئىلگىرىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى.

يولداش جياڭ زېمىن: «تەزكىرە خىزمىتى ئوڭايلىقچە دىققەت - ئېتىبار قوزغىمايدىغان مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشى ھەم ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇشى كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. يولداش لى تيېيىڭ بۈلتۈر ئېچىلغان مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا: «تەزكىرە خىزمىتى قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان خىزمەت ئەمەس، بەلكى جەزمەن ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت. ھازىر بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز سوتسىيالىستىك تەزكىرىچىلىك ئىشى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى، ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرىدىغان خىزمەت» دەپ كۆرسەتتى. بىز چوقۇم تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يولىيورۇقى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېڭى ئەسىر كىرگەن، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان يېڭى ۋەزىيەتتە، تەزكىرە خىزمىتىنى مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشىمىز، تۇتۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئازكەم 20 يىللىق تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى، ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۈل، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى لازىم. تەزكىرە خىزمىتىنى تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، جايلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش

www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيىسى بىلەن مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇشى، بۇ خىزمەتكە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشى، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، خىزمەت جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك. بۇ ئىشنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ خىزمەت كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ نورمال خىراجىتى ۋە كىتاب چىقىرىش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تارىخ - تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ يۇمشاق - قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى زۆرۈر خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلەش لازىم.

**2. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى 1983 - يىلى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 2000 - يىلدىكى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن ھازىرغىچە، تەزكىرە خىزمىتى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 2 يىلدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن 9 ى نەشردىن چىقتى، بۇنىڭغا ئىلگىرى نەشر قىلىنغانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 46 توم نەشردىن چىقتى، بۇ پىلاننىڭ %53.5 نى ئىگىلەيدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 7 سى نەشردىن چىقتى، بۇنىڭغا ئىلگىرى نەشر قىلىنغانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 59 توم نەشردىن چىقتى، بۇ پىلاننىڭ %55.1 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۈچ توم تەزكىرە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىندى؛ «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىدا نەشر قىلىندى؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىل - يېزىقلىرىدا نورمال نەشر قىلىندى؛ بەزى رايون ۋە تارماقلار مەركىزىي خىزمەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆز يېرى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارماق تەزكىرىسى، «ئومۇمىي ئەھۋال»، «يىلنامە» قاتارلىق جايلار ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال كىتابلارنى نەشردىن چىقاردى. يۇقىرىدىكى نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس، ئۇلارغا بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن، بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا پائال رول ئوينىغۇسى.

بىز نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە قېرىنداش ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا ناھايىتى زور، ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش پىلانىنىڭ ئاران يېرىمىدىن كۆپرەكىلا ئورۇندالدى. ھازىر ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە تارماقلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تەكشىسىز بولۇۋاتىدۇ، بەزى ۋىلايەت - ئوبلاستلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، لېكىن بەزى ۋىلايەتلەر تېخى بىرمۇ تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقارمىدى. ئاپتونوم رايونىمىز چەت، يىراق، ئارقىدا قالغان ئاپتونوم رايون، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان، ئاپتونوم

رايون مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆپ، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ خىراجىتىمۇ نىسبەتەن قىس، بۇ هال تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە مۇئەييەن تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق بۇلار هەرگىز ۋەزىپىنى ئورۇندىماسلىقنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان، مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر، بەزى جايلار دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناهىيە بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاللىبۇرۇن نەشردىن چىقىرىپ بولدى. بەزى جايلارنىڭ مالىيە ئەھۋالى ئۇلارنىڭكىدىن خېلى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن تەزكىرە كىتابى هازىرغىچە نەشردىن چىقمايۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە يەنىلا رەھبەرلىكنىڭ يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولمىغانلىقىدا، تەزكىرە خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويمىغانلىقىدا، ئادەم، خىراجەت، خىزمەت شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەرلىك قوللىمىغانلىقىدا، بۇ هال تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، يېقىندا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مالىيە نازارىتىگە نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا تەستىقىي يوليورۇق بەردى، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. بۇ خىراجەت ئاساسىي خىزمەتلەرنى تاماملىغان، لېكىن مالىيىسىدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولۇپ، كىتابنى نەشردىن چىقىرىش خىراجىتى يېتىشمىگەن قىسمەن نامرات ناهىيە (شەھەر) لەرنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئىمكانقەدەر تېزراق نەشردىن چىقىرىشىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشكىلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىراجەتنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بۇ خىراجەتنى قاتتىق ئىگىلەش، ئۆز جايىغا ئىشلىتىش، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋالماسلىق كېرەك. هەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تايىنىۋېلىش ئىدىيىسىدە بولماي، تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىراجىتىنى ئامال قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

سۈپەت — تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە هۆكۈمەت تۈزىدىغان كىتاب، شۇڭا تەزكىرە خادىملىرى تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىدا بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلىشى كېرەك. بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆتكەل، تارىخىي ماتېرىيال ئۆتكىلى، قۇرۇلما ئۆتكىلى، يېزىق ئۆتكىلى ۋە باسما ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىدا مەسىلە كۆرۈلمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىن نۇرغۇن تەزكىرە كىتابى مەملىكەت ياكى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا

www.uyghurkitap.com



ئېرىشىپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئىنكاس قوزغىدى ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بىراق بەزى تارماق تەزكىرىسى، كەسىپلەر تەزكىرىلىرىدە ماتېرىيال توغرا بولماسلىق، تارىخىي ماتېرىياللار قاتتىق دەلىللەنمەسلىك، يېزىق قوپال بولۇشتەك مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بۇ خىل ئەھۋاللار يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. تەزكىرە ئورگىنالىنى ئۈچ دەرىجە بويىچە تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىدىن باشقا كەسىپلەر تەزكىرىسى، تارماق تەزكىرىسىنىمۇ باشقۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك، بۇ بازىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كەسىپلەر تەزكىرىسى ۋە تارماقلار تەزكىرىسىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمىنى تېزراق تۈزۈپ چىقىپ، بۇ خىزمەتنى قېلىپلاشتۇرۇشى، تۈزۈملەشتۈرۈشى كېرەك. يېقىندىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە قانات يايدۇرۇ-لۇۋاتىدۇ، تەزكىرە كىتابى مەنىۋى مەھسۇلات بولۇپ، ئىدىئولوگىيە ساھەسى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. تەزكىرە خادىملىرى ئالاقىدار ھۆججەت ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ھەمدە ئۇنى تەزكىرە خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئاستا بولۇۋاتىدۇ، بەزى خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشردىن چىققىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، بىراق ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشى شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. 2000 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى تەكىتلىگەنىدىم. شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كىتابلارنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى، ھەرقايسى كەسىپ ۋە جايلارنىڭ تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئەينەن بايان قىلىنغان، ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىمۇ بايان قىلىنغان، ئۇ ۋەتەننى، يۇرتنى سۆيۈش جەھەتتىكى ياخشى يەرلىك دەرسلىك، شۇڭا جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇپ، بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچىسىنى چىقىرىپ بولغان رايون ۋە ئورۇنلار ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرى بىلەن ئاساسەن تەڭ نەشردىن چىقىرىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن جايلار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى بار تارماقلىرى

دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ۋە پىلانىنى بېكىتىپ، ئارقىدا قالغان ھالەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى جايلار ۋە تارماقلارغا تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ھەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا دائىر ئەھۋاللارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

**3. تەزكىرە ئاپپاراتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك**

مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا مەملىكەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەزكىرە خىزمىتى ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىگە كىرىشىش تەلەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تېخى ئىنتايىن ئېغىر، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. تەزكىرە خىزمىتى ۋاقىتلىق ۋەزىپە بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇلىدىغان سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى ئىختىساس ئىگىلىرىگە باغلىق، بۇ ئىشنى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ساغلام، ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم تەزكىرە ئاپپاراتى بىلەن تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، بەزى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ كەيپىياتى مۇقىم ئەمەس، بۇ ھال تەزكىرە خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى 1996 - يىلى بىرلەشمە ھۆججەت چىقىرىپ، تەزكىرە ئاپپاراتى بىلەن تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، ئاپپاراتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە، قوشۇننى تارقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ ئېنىق تەلەپ قىلغانىدى. 2000 - يىل 7 - ئايدا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپپارات قانداق ئۆزگەرسۇن، تەزكىرە ئاپپاراتى بىلەن تەزكىرە خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. تەزكىرە ئاپپاراتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن جايلار ۋە ئورۇنلار ئاپپاراتنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز يېرى ۋە ئۆز تارمىقىدىكى قابىل كىشىلەرنى تاللاپ، خىزمەتنى دەرھال قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، سىياسىي سۈپىتى يۇقىرى، كەسپىي قابىلىيىتى كۈچلۈك، خىزمەتتە تىرىشچان، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بارلىققا كەلدى. بۇ قوشۇن ئەمەلىيەت داۋامىدا قەدەممۇ قەدەم پىشىپ يېتىلدى، بۇ قوشۇن ھەم ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە، ھەم مۇئەييەن نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە ساھەسىدىكى تايانچلار. ئۇلار مۇشۇ نۆۋەتلىك ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى

ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈش - يۈرۈشمەسلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر تۈركۈم پېشقەدەم يولداشلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلدى، تەزكىرە تۈزۈشكە ئىرادە باغلىغان بىر تۈركۈم ياشلار تەزكىرىچىلىك قوشۇنىغا كىرىپ كەلدى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، تارماقلار ئۇلارغا كەسپىنى پىششىق ئىگىلەش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى.

**4. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك**

يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتى ئارقىسىدا، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتى ۋە پىشىپ يېتىلدى. نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز پىشىپ يېتىلىشى تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 80 - يىللاردا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى باشلانغان چاغدا، سوتسيالىستىك يېڭى تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە جەھەتتە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرى تەزكىرىگە ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، مۇندەرىجە تۈرغۇزۇش، تەزكىرە تۈزۈش شۇنداقلا تەزكىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى زامان ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئەگەر بۇ تەجرىبە - ساۋاقلار تېخىمۇ ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسە، تەزكىرە تۈزۈش سۈپىتىنى ۋە تەزكىرىنىڭ رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى چوقۇم ئۆستۈرگىلى، شۇنداقلا تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ئۈچۈن چوقۇم مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنداپ بولغان بەزى ئورۇن ۋە رايونلارمۇ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ زۆرۈر تەييارلىقلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «‹شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى›نى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، پىكىر ئالغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇناقچى. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك باشلىنىدۇ. بىز سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. يىغىندىن كېيىن، جايلار ۋە تارماقلار يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ ھەقىقىي ئاقىدىغان پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

**5. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن**

## تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش كېرەك

ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نەچچە يۈز تەزكىرە كىتابى ۋە جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتاب نەشر قىلىندى، ئون نەچچە يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئۆتمۈشتىكى نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ ئەگىشىپ مېڭىش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك، تەزكىرە كىتابىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ جايلار ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش، تارىخنى بىلىش، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشتىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ خادىملىرىنىڭ قورال كىتابىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ يەرلىك دەرسلىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت ئۇنى ئىشلىتىش، تەزكىرە تۈزۈش بىلەن تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. تەزكىرىدىن پايدىلانغاندىلا ئاندىن تەزكىرە كىتابىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلغىلى، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بەرگىلى، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگىلى ھەمدە تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپەتلىك ـ سۈپەتسىز، راست ـ ساختا، توغرا ـ خاتالىقىنى سىنىغىلى بولىدۇ. بىز چىقارغان تەزكىرە كىتابلىرى ئوقۇلسا، پايدىلىنىلسا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ، ئاندىن رېئاللىق ئۈچۈن، غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىردى، غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەڭ دۇمبىقى ياڭرىدى، بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت، تەزكىرە خىزمىتىدە غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى پۇرسەت بىلىپ، غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش، تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئوقۇرمەنلەرنى كۆپەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە ماسلىشىپ، تەزكىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بويىچە ھەرخىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

يولداشلار، بىز ھازىر زور تەرەققىيات، چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز؛ تەزكىرە خىزمىتى تېخىمۇ كۆپ خىرىس ۋە پۇرسەتكە دۇچ كېلىدۇ، كەڭ تەزكىرە خادىملىرى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

# رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرى- شىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

— ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر: سۈي شۇجيې

رەھبەرلەر، يولداشلار:

بۈگۈن بىز بۇ يەردە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىۋاتىمىز. بۇ 2000 - يىل 9 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىنكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە ساھەسىدىكى يەنە بىر كاتتا ئىش. بۇ يەردە مەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ يىللاردىن بويان كۆڭۈل بۆلگەن، مەدەت ۋە ئەھمىيەت بەرگەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇزۇندىن بۇيان نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، ئۇن - تىنسىز ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىغا سەممىي تەشەككۈر ئېيتىمەن ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورايمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ۋەزىپىسى — مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇ- رۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، پائال يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن.

## 1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىگە قىسقىچە نەزەر

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقى،

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى تېز تەرەققىي قىلدى.

**1) تەزكىرە خىزمىتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى**

مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن ۋەزىپىسى 86 توم كەسپلەر تەزكىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى، 107 توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش ئىشىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر يىلى 10 نەچچە توم يېڭى تەزكىرە كىتابى ۋە يىلنامە نەشر قىلىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرى مۇنۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپلەر تەزكىرىسى 9 توم، ئۇلار: «خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى» ، «پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى» ، «ئاشلىق تەزكىرىسى» ، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى» ، «كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى» ، «تىل - يېزىق تەزكىرىسى» ، «ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى» ، «مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى» ، «ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى» ، بۇلارغا ئىلگىرى نەشردىن چىققانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 46 توم ، بۇ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 53.5% نى ئىگىلەيدۇ. ئورگىنالى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ بولۇنغىنى ياكى بېسىلىۋاتقىنى مۇنۇلار: «كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى» ، «ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» ، «ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم تەزكىرىسى» ، «يەر تەۋرەش ئەھۋالى تەزكىرىسى» ، «ئەسەر نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى» ، «سىياسىي ئىشلار تەزكىرىسى. ھۆكۈمەت قىسمى» ، «جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى» . باشقا ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە ئورگىناللىرى تېزلىكتە يېزىلىۋاتىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىدىن ئىككى يىلدا يەتتىسى نەشر قىلىندى، ئۇلار: «پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «فۇكاڭ شەھىرى تەزكىرىسى» ، «ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى» ، «نىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت. بۇلارغا ئىلگىرى نەشردىن چىققانلىرىنى قوشقاندا جەمئىي 59 توم، بۇ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 55.1% نى ئىگىلەيدۇ. ئورگىنالى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ بولۇنغىنى ياكى بېسىلىۋاتقىنى مۇنۇلار: «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى» ، «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «چاغانتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «غۇلجا ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى» ، «تۇدۇڭخابا رايونى تەزكىرىسى» ، «يېڭىشەھەر رايونى تەزكىرىسى» . باشقا ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە ئورگىناللىرى تېخى ماتېرىيال توپلاش ياكى سىناق نۇسخىسىنى يېزىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇن كەسپلەر تەزكىرىلىرى ۋە ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى پۈتكەن بولسىمۇ، خىراجەت بولمىغاچقا، نەشردىن چىقىرىشقا ئامال بولماي‌ۋاتىدۇ، ئۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىن «چوڭ ئىشلار» ، «شەخسلەر تەزكىرىسى» ، «رايونلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى تەزكىرىسى» ، «مۇزلۇقلار ۋە دەريا - ئېقىنلار تەزكىرىسى» ۋە «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «باي ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتىدىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئۈچ توم تەزكىرە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەنى «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» (قىرغىزچە)، «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) نەشر قىلىندى.

تەزكىرە كىتابلىرىنى ياخشى تۈزۈش بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى ۋە ئۇيغۇرچىسى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى ۋە ئۇيغۇرچىسى قەرەلىدە نەشر قىلىندى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەسلىدە تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ئاستىراق بولۇۋاتقان رايونلار ۋە ئورۇنلار ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭىچە يۈزلىنىشنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن: ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان مۇئاۋىن ۋالىي لى بېنرۇي يىغىن مەزگىلىدە ۋىلايەتتىن يىغىنغا قاتناشقان خادىملارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ۋىلايەتنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا تاماملاشقا دائىر تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندىن قايتىپلا، ۋىلايەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈش قەدىمىنى تېزلەتتى. 2000 - يىل 11 - ئايدىن ھازىرغىچە بىر تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقتى، 6 تەزكىرىنىڭ ئورىگىنالى باھالاندى، دېمەك، تەزكىرە كىتابىنىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش، نەشر قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايىتىدىن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جېڭچيەن ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە 2001 - يىل 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزدى ھەمدە 2005 - يىلدىن ئىلگىرى 9 توم ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جېڭچيەن ۋە ۋالىي مۇھىم سۆز قىلىپ، ناھىيە، شەھەرلەردىن خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەخىرسىزلىك ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى قالاق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتى جىددىي ئىشلەنمەكتە، بىر ناھىيە تەزكىرىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاندى. ئاپتونوم رايوندىكى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان بىر قىسىم نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۇزاقتىن بۇيان تەزكىرە تۈزىدىغان ئادەم يوق ئىدى، بەزىلىرىدە ئادەم بولسىمۇ، خىزمەت ھەمىشە توختاپ قالغان ياكى يېرىم يولدا توختاپ قالغانىدى، يىغىندىن كېيىن بۇ نازارەت - ئىدارىلەر مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى يېڭى ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى.

**2) تەزكىرىچىلىك كەسپىي قوشۇنى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى**

تەزكىرە تۈزۈش مەخسۇسلاشقان، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىگە، سىياسىي، كەسپىي جەھەتتە كۈچلۈك تەزكىرە قوشۇنىغا مۇھتاج. «ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىش، تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت تەزكىرە تۈزۈش روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن، 10 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھەر

دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، بىز ھەم رايون ئەھۋالى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان، ھەم خېلى يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ۋە كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماس كېلىدىغان تەزكىرىچىلىك كەسپىي قوشۇنىنى يېتىشتۈردۇق. 2002 - يىل 2 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىمى 2300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس خادىم 958، ئاز سانلىق مىللەت تەزكىرە خادىمى 113؛ تەزكىرە خادىملىرى ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 152، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 456. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق تارماق ۋە رايوننىڭ «جانلىق ماتېرىيال ئامبىرى» غا ئايلىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە تەزكىرە نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ بەلگىلىك ماھارەتكە ئىگە بولدى. ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىدا تايانچلىق، يادرولۇق ۋە تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

ئىككى يىلدىن بېرى، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە قۇرۇشنى كۈچەيتتى، بەزى تارماق ۋە رايونلار خىزمەت سۈرئىتىگە ئاساسەن، مۇۋاپىق ۋاقىتتا تەزكىرە كەسپىي بويىچە كۇرس ئېچىپ، تەزكىرە تۈزۈشكە قاتنىشىدىغان كادىرلارنى تەربىيىلىدى؛ بەزىلىرى يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئورگىنال باھالاش يىغىنلىرىدىن پايدىلىنىپ كادىرلارنى تەربىيىلەپ، تەزكىرە تۈزگۈچى كادىرلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

**3) سۈپەت چىڭ تۇتۇلۇپ ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى مۇقىم ئۆستۈرۈلدى**

سۈپەت — يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جېنى، شۇنداقلا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قىممىتىنىڭ نامايەندىسى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى چىڭ تۇتتۇق، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» بىلەن «ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپلەر تەزكىرىسى بىلەن ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنىڭ ئورگىنالىنى ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش، قاتلاممۇ قاتلام تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسىنى قوللاندۇق، سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتلىرى ۋە تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىككە ۋە تەزكىرە ئورگىنالىنى باھالاش يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدۇق. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە رەھبەرلىك ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلامنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاساسىي قاتلامنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بەردى. تەزكىرە ئورگىنالىدىكى سەزگۈر ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەردە ئالاقىدار تارماقلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆتكەلنى ئىگىلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقا دىققەت قىلدۇق. تەزكىرە كىتابلىرىدىكى تارىخ، مىللەت، ئۆرپ - ئادەت، دىن قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئادەتتە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئۆتكەلنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىشكە مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلدۇق. مۇشۇ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق سۈپەت بىرىنچى دېگەن قاراش تەزكىرە خادىملىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. بۇ ئىككى يىلدا نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلەر مەيلى سىياسىي

سۇپىتى، ماتېرىيال سۇپىتى، قۇرۇلما سۇپىتى، يېزىق سۇپىتى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بېسىش - تۈپلەش سۇپىتى جەھەتتىن بولسۇن مىسلىسىز يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتە خېلى ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئوقۇرمەنلەر ۋە تەزكىرە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

**4) تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى**

تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىر دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، بىر رايون ۋە بىر تارماقنىڭ «قامۇس» ىغا ئايلاندى. كىشىلەر بىرەر جاي ياكى تارماقنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنى ياكى مەزكۇر ئىشخانا تۈزگەن تەزكىرە ۋە يىلنامىلەرنى ئىسگە ئالىدىغان بولدى. نۇرغۇن رەھبەرلەر يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە، ئالدى بىلەن تارىخ - تەزكىرە تارماقلىرىدىن تەزكىرە كىتابى ياكى يىلنامىلەرنى ئېلىپ، شۇ تارماق ۋە شۇ جاينىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇن شەخسلەر ۋە ئاپپاراتلارمۇ شىنجاڭدىكى تارىخ - تەزكىرە تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭدا چىققان ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى سېتىۋالدى. بىز پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بىز چىقارغان ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلەر شىنجاڭنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى، ئۇلار ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، كۆپلىگەن رايون ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يەنى جايلار ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئومۇمىي ئەھۋال»، «يىلنامە» قاتارلىق نەچچە ئون خىل ئوقۇشلۇقنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. خېلى كۆپ تارماق ۋە كارخانا، يېزا - بازارلارمۇ خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆز رايونى، تارمىقىنىڭ تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. بۇ «ئومۇمىي ئەھۋال»، «يىلنامە» ۋە تارماق تەزكىرىلىرى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

بىز نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، خىزمىتىمىزنىڭ يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، تەزكىرىچىلىك قوشۇنى مۇقىم ئەمەس. بەزى جايلار ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، تەزكىرە ئاپپاراتىنى خالىغانچە باشقا ئورۇنلارغا قوشۇۋەتتى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، تەزكىرە خادىملىرىنى يۆتكىۋەتتى ياكى ئالماشتۇرۇۋەتتى، بەزى جايلار پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئورنىغا ۋاقتىدا ئادەم ئورۇنلاشتۇرماي، تەزكىرە خىزمىتىنى ئۈزۈپ قويدى. بولۇپمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ پەيدىنپەي تاماملىنىشى ۋە ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى تەزكىرە خادىملىرى كۆپلەپ باشقا ئورۇنلارغا چىقىپ كەتتى. ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش مەسىلىسى بەزى رايون ۋە تارماقلاردا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىگە ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم چەكلەش ئامىلى بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى، تەزكىرە تۈزۈشكە كېرەكلىك خىراجەت تولىمۇ قىس. كۆپلىگەن ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتى خىراجەت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن نورمال يۈرۈشمەي، ئورگىنالى بېكىتىلىپ بولغان تەزكىرە كىتابلىرىمۇ

ۋاقتىدا نەشردىن چىقمايۋاتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بېسىلىپ قالغىنىغا بەش - ئالتە يىل بولدى، خىراجەتنىڭ قىس بولۇشى تەزكىرە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگىمۇ خېلى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئۈچىنچى، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى تەكشى ئەمەس. بەزى ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغىنىغا 10 نەچچە يىل بولۇپ قالدى، بىراق بەزى ۋىلايەت ۋە تارماقلار تېخىچە ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بەزى ۋىلايەت ۋە تارماقلارنىڭ خىزمىتى ھەتتا توختاپ قالدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، بۇ جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، رەھبەرلىك، قوشۇن ئەمەلىيلەشمەيۋاتىدۇ، تەزكىرە خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيۋاتىدۇ، زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى كەمچىل.

تۆتىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز چىقارغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى، بىراق ئاز ساندىكى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ماتېرىيالى توغرا بولماسلىق، يېزىق ئۇسلۇبى قېلىپلاشماسلىق، كوررېكتورلۇقى ئەستايىدىل قىلىنماسلىقتەك مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا، بۇلار تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئىشلىتىلىش قىممىتى جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

بەشىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىشقا، تەشۋىق قىلىشقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ، بۇ ھال تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەكتە. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىيالمىدى. بەزى ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن تاشلاپ قويۇلغاچقا، جەمئىيەتتە ئۇچرانقىلى بولمايدۇ. بۇنداق تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تارىخنى ساقلاش رولى جارى قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن سۆز ئېچىش تولىمۇ قىيىن.

## 2. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز

مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا مەملىكەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ پۇختا ئىشلەپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداش، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلاش، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە

www.uyghurkitap.com



خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلار: بىرىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تەزكىرە تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، 2005 ـ يىلىغىچە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان رايون ۋە ئورۇنلار دەرھال يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىشى كېرەك. ئىككىنچى، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتەك ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەزكىرە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنى غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىز تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

1) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەزكىرە خىزمىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلىشىمىز كېرەك.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، شۇنداقلا بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى قىبلىنامە. بىز تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە چوقۇم ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن مېتودولوگىيىنى پۇختا ئىگىلەپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. تەزكىرە خادىملىرى يۇكسەك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مۇھىم مەسىلىنى توغرا تونۇپ ۋە ياخشى بىرتەرەپ قىلىپ، يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىدا ئۆز رايونىمىزنىڭ، جايىمىزنىڭ ۋە ناھىيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ، ھەقىقىي، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر روھىنى توغرا، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى نەتىجە، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرىنى ئەينەن، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە، ئالدى بىلەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخ، مىللەت، دىن مەسىلىسىنى ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ئاساسىدا توغرا تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. تەزكىرە خىزمىتىدە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. جايلار تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى بىرلىكتە ئاچقان، گۈللەندۈرگەن ۋە قوغدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە بايان قىلىنغان قىممەتلىك

ماتېرىياللارنى، تارىختا ۋە رېئال تۇرمۇشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش» ئىكەنلىكى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ياردەملىشىپ، ئورتاق گۈللەنگەنلىكى ۋە ئالغا باسقانلىقىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ تەزكىرىگە كىرگۈزۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم. تەزكىرە كىتابلىرى ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا يېقىن، ئۇنىڭدا ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار، ئادەملەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئۇنى ئاما قوبۇل قىلىشقا، بىلىشكە قىزىقىدۇ، مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قايتا تەربىيىسى پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

**2) تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى» دا سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش ئېنىق تەلەپ قىلىنغان. نۆۋەتتە بۇ تەلەپتىكى ئاخىرقى چەككە تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتلا قالدى. ھازىر «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىن ئاران 46 توم نەشردىن چىقتى، بۇ ئومۇمىي ۋەزىپىنىڭ %60 ىگە يەتمەيدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسىدىنمۇ ئاران 59 توملا نەشردىن چىقتى، بۇمۇ ئومۇمىي ۋەزىپىنىڭ %60 ىگە يەتمەيدۇ. ئاران 20 توم تەزكىرە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، بۇ جەھەتتىكى پەرق تېخىمۇ چوڭ. بەزى تارماق ۋە رايونلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى گاھ داۋاملىشىپ، گاھ توختاپ قېلىۋاتىدۇ، بەزى ئورۇنلار سۈيلىسىمۇ مىدىراپ قويمايۋاتىدۇ. بۇ رايون ۋە تارماقلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى بەكلا ئاستا بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ئىبارەت. بۇ رايون ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت پىلانىغا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، خىزمەت ئىقتىدارى بار، تەزكىرە خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر تۈركۈم يولداشلارنى تاللاپ تەزكىرە خىزمىتىگە سەپلىشى، تەزكىرە خىزمىتى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشى لازىم، ئاشۇ رايون ۋە تارماقلارنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ئارقىغا سۆرەشكە بولمايدۇ. مۇشۇ رايون ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە خادىملىرىمۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پاسسىپلىق قىلىش ، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى ۋە كۈتۈپ تۇرۇش، قاراپ بېقىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار خىزمەت پوزىتسىيىسى بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ئارقىلىق رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ پايدىلىق خىزمەت شارائىتىنى ھازىرلىشى لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، رايونلار ۋە ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ئورۇن ۋە رايونلار مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى-

نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا تېزلىتىشى لازىم. بۇ رايون ۋە ئورۇنلار تەزكىرە خىزمىتىدە «بىرگە كىرگۈزۈش» يەنى تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈش، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» يەنى رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇننى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە بولغان - بولمىغانلىقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى كېرەك. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى يولداش لى تيېيىڭ: يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرى جايلار ئەھۋالىغا، دۆلەت ئەھۋالىغا دائىر كىتاب. شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، تەزكىرە خىزمىتى قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان خىزمەت ئەمەس، بەلكى چوقۇم ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەپ كۆرسەتتى. 2005 - يىلى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت يىلدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن ھەر يىلى 8 — 10 نى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 10 — 12 نى، ھەر يىلى ئۆچتىن بەشكىچە تەزكىرە كىتابىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، نەشر قىلىشنى پىلانلىدۇق. شۇڭلاشقا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئورۇنداش ئۈچۈن، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ، ھەمدە رايونلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا مەخسۇس دوكلات يوللاپ تۇرىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر قېتىم «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىنى يېزىپ بولالمىغان ۋە نەشردىن چىقارمىغان نازارەت، ئىدارە - ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ دوكلات يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ مۇشۇ ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاشنى قارار قىلدى. بىزمۇ مۇشۇ ئورۇنلار ۋە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ۋىلايەتلەرنىڭ يىغىندىن كېيىن مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى ئىمكانقەدەر تېزراق تۈزۈپ چىقىپ، ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**3) تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقىپ بولغان ئورۇنلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىشى كېرەك**

مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن، رايونلار ۋە ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى دەرھال باشلىشى كېرەك. تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى پرىنسىپ جەھەتتە 20 يىل ئۆپچۆرىسىدە بىر قېتىم ئىشلىنىدۇ. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ ساندىكى ۋىلايەت ۋە ئورۇنلارنىڭ تولىسى 1985 - يىلنى ئاخىرقى چەك قىلغان، ئاخىرقى چەكتىن ھازىرغىچە 17 يىل ئۆتتى، شۇڭا تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاشقا ياكى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى

ئۇچۇن بەزىبىر زۆرۈرىي تەييارلىقلارنى ئىشلەشكە تامامەن بولىدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، مەسىلەن: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاتارلىق ئورۇنلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ئىشىنى باشلىۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن 1 مىليون 700 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالى تاماملىنىپ، بۇلتۇر 11 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ يىل نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشتىن ئۈمىد بار. بىز مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىنى تۈزۈپ نەشردىن چىقىرىپ بولغان ئورۇن ۋە رايونلاردىن تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى، پىلان ۋە مۇندەرىجە تۈزۈپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشقا كىرىشىشنى تەلەپ قىلىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇئەييەن دائىرىدە تۈزىتىش پىكرى ئالدى، يېقىندا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن قايتا پىكىر ئېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا قويۇش ئۈچۈن تەستىقلىشىغا يوللىماقچى. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، جايلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىشى لازىم.

تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىدە سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىشنى بىرقەدەر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاش لازىم. يولداش لى تيېيىڭ مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا: «تەزكىرە كىتابلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە سۈپەتكە يېتىش، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، باشتىلا سۈپەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇش، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى خىزمەتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ۋە ھەر بىر ھالقىسىغا سىڭدۈرۈش...... بارلىق خىزمەتلەردە نادىر ئەسەر يارىتىشنى تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاساسىي روھى قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇمۇ بىزنىڭ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ تۈپ تەلىپىدۇر.

**4) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇش لازىم**

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بىز نەشردىن چىقارغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىراق شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىدا سۈپەت جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت، بولۇپمۇ بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدىكى بايانلار ئادەتتىكىچە، يۈزەكى بولۇپ قالغان، ماتېرىيال جەھەتتە تارىخىي پاكىتلار ئەستايىدىل دەلىللەنمىگەچكە، ماتېرىيال ۋە بايان قىلىش جەھەتتە خاتالىق كېلىپ چىققان ، بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى بەك چوڭ، ھەتتا بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا مۇندەرىجىنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى مۇۋاپىق، ئىلمىي بولماسلىقتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇ مەسىلىلەر بىز تەزكىرە خادىملىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى بىر ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى تۈزۈش-نىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئېنىق سۈپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش لازىم. بىرىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. تەزكىرە كىتابى شەخسنىڭ ئەسىرى ئەمەس، ئۇنى تارىختىن بۇيان سىياسى

تەشكىلاتلار تۈزۈپ كەلگەن، شۇڭا ئۇ «سىياسىي كىتاب»، «ھۆكۈمەت كىتابى» بولۇپ، كۈچلۈك سىياسىۋلىككە ئىگە. ئەگەر بىرەر تەزكىرە كىتابىدىن سىياسىي جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» رولىنى جارى قىلدۇرۇشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان تەزكىرە ئورىگىناللىرىدىن قارىغاندا، سىياسىي سۈپەت يەنى سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە، چوڭ مەسىلە بايقالمىدى، بىراق كونكرېت ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ياكى ئەسلى ماتېرىيالدىكى خاتا كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرىدىن ۋە ياكى ئۆزۈڭدىن بۇيانقى «سول» ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىدا بەزىبىر نامۇۋاپىق بايانلار ئۇچراپ قېلىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەزكىرە كىتابلىرىدا كەمتۈكلۈك، مەزمۇن چۇشۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت، بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر، سىياسىي ھەرىكەتلەرگە دائىر بايانلار كەم خاتىرىلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. تەزكىرە كىتابى بىر جاينىڭ ياكى بىر تۈرلۈك ئىشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇنىۋېرسال، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ژانىر، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەزكىرە كىتابىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى شۇ جاينىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئاساسىي قىياپىتىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئاندىن شۇ ئاساستا رايون ۋە كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىراق نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان تەزكىرە ئورىگىناللىرىدىن قارىغاندا، كۆپلىگەن تەزكىرە كىتابلىرى بۇ جەھەتتە تەلەپكە يەتمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكى ئۈستىدە يەنىلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەزكىرە كىتابى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېزىلغان، ئىلمىي ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىيالنىڭ چوقۇم ئېنىق، توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەزكىرە خادىملىرى كۆپ يىل كۈرەش قىلىپ، كۆپلەپ ماتېرىيال توپلاپ، مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەقىقىي بىلەن ساختىسىنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلاپ، نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بەزىبىر تەزكىرە كىتابلىرىدا ئانچە - مۇنچە خاتا نەرسىلەر، تارىخ بىلەن پاكىت ماس كەلمەيدىغان بايانلار، بولۇپمۇ سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى، كىشى ئىسىملىرى، رەھبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىغا دائىر خاتالىقلار بايقالدى. بۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىنمىسا، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. تۆتىنچىدىن، بېسىش، كوررېكتورلۇق سۈپىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تەزكىرە كىتابى ئاخىرىدا كىتاب شەكلى ئارقىلىق جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مۇشۇنداق بولغاچقا، بېسىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ناھايىتى مۇھىم، تەزكىرە ئورىگىنالى ھەرقانچە يۇقىرى سەۋىيىلىك يېزىلغان بىلەنمۇ، كىتاب ياخشى بېسىلمىسا ياكى ياخشى تۈپلەنمىسە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كوررېكتورلۇقمۇ بىر تۈرلۈك ئىنچىكە ۋە ئېغىر خىزمەت، شۇنداقلا تەزكىرە نەتىجىلىرىنى جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم مۇداپىئە لىنىيىسى. نۆۋەتتە تەزكىرە كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرمۇ خېلى كۆپ، روشەن خاتا خەتلەر ۋە خاتا تىنىش بەلگىلىرى تەزكىرە كىتابلىرىدا پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ بىر قىسىم ھالقىلىق خەت، سۆز، سانلار خاتا بولۇپ قالسا، ئۇلار كوررېكتورلۇقتىمۇ بايقالمىسا، كىتاب بېسىلىپ، تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەردە خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

بىر تەزكىرە كىتابىدا مۇندەرىجە لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەشتىن تارتىپ يېزىش، ئۆزگەرتىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، بەت لايىھىلەش، بېسىش، كوررېكتورلۇق قىلىش، شىرازىلاش ۋە تارقىتىشقىچە بولغان ھالقىلارنىڭ ھەممىسىدە سۈپەت مەسىلىسى مەۋجۇت، ھەرقانداق بىر ھالقىدا كەمچىلىك ياكى خاتالىق كۆرۈلسە، تەزكىرە كىتابىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا «سۈپەت بىرىنچى» دېگەن قاراشنى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت ئېڭى ۋە سۈپەت قارىشىنى تىكلەپ، ئۇنى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، قىممىتى بار ياخشى كىتاب بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**5) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇش لازىم**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتى پىلانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرىلىرىنىڭ ئورگىنالى خەنزۇچە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ تەڭ نەشر قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. نۆۋەتتە بۇ خىزمەت ئىشلىنىۋاتىدۇ، بىز شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابىدىن 20 تومنى نەشردىن چىقاردۇق، يەنە تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە نەشر قىلىشقا تېگىشلىك زور تۈركۈمدىكى تەزكىرە كىتابلىرى تۇرۇپتۇ. لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە بىر قىسىم رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ، كۆپلىگەن جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرىسىنىڭ نەشردىن چىققىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە خىزمىتى يەنىلا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمەيۋاتىدۇ. شىنجاڭ — مىللىي ئاپتونوم رايون، تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ تەزكىرىلىرىمىز شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، تەزكىرىلەرگە خەلق ئاممىسى قىزىقىدىغان نۇرغۇنلىغان كونكرېت، جانلىق، چىن، يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن، بۇ ماتېرىياللارنى خەلق ئاممىسى ئىگىلىۋالسا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاشتىن ئىبارەت يامان غەرىزى ئۆزلۈكىدىن بەربات بولىدۇ. جايلار، ئورۇنلار چوقۇم تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقىشى بىلەنلا ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشى، ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى مۇھىم ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى، بۇ خىزمەتنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇشى لازىم.

**6) تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم**

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقىم ئاپپارات ۋە خېلى يۇقىرى سىياسىي، كەسپىي ساپاغا ئىگە تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بولمىسا، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، سىياسىۋىلىكى كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياشلاردىن تەركىب تاپقان تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتۇق، ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تولۇق جارى قىلدۇرۇش — تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى.

ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا بەزى جايلاردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى ياكى باشقا تارماقلارغا قوشۇۋېتىلدى، بۇ تەزكىرە خىزمىتىگە مۇئەييەن سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى، بەزى تەزكىرە خادىملىرىدا كۆتۈپ تۇرۇش، قاراپ بېقىش، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇش، خىزمەتتە بوشاپ كېتىش ئەھۋالى پەيدا بولدى. بىز ئاپپارات ئىسلاھاتى بىلەن تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى تيېيىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: «تەزكىرە خىزمىتى ۋاقىتلىق ۋەزىپە بولماستىن، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان، ئاساس خاراكتېرلىك ئىلمىي مەدەنىيەت ئىشى. ئەگەر بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملىنىشى بىلەنلا تەزكىرە ئاپپاراتى، قوشۇنى تارقىتىۋېتىلىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قايتىدىن ئىش باشلانسا، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقىدۇ»، «شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ۋە تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش زۆرۈر. نۆۋەتتە جايلار ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندا، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرۈشى، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك پىلان تۈزۈشى كېرەك». شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، تەزكىرە خىزمىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، پارتىيىمىز ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى شۇنىڭدەك ئۇزاق مەزگىللىك ۋەزىپە، شۇنداق ئىكەن تەزكىرە خىزمىتىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىلىرى ئارقىلىق تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە خاراكتېرىنى نەزەرگە ئېلىپ، تەزكىرە ئاپپاراتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ياش كەسپىي تەزكىرە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى تولۇقلاش كېرەك. بۇ بىرقانچە يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك قوشۇنىغا نۇرغۇن يېڭى خادىملار قوشۇلدى، ئۇلار تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى، ئۇلار تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسى. ئۇلار تەزكىرە خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ناھايىتى يۇقىرى خىزمەت قىزغىنلىقىغا ئىگە، لېكىن ئۇلار تەزكىرە خىزمىتى ۋە تەزكىرە كەسپى بىلەن ئانچە پىششىق تونۇشمايدۇ، ئۇلار تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ، ئۆگىنىشكە، ئۆز ئۆزىنى ئۆستۈرۈش جەريانىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارغا ئۆگىنىش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. ئۆگىنىش مەسىلىسىدە، يېڭى يولداشلار ئۆگىنىپلا قالماي، پېشقەدەم يولداشلارمۇ ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ يەردە بىلىم يېڭىلاش ۋە بىلىم ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش مەسىلىسى بار، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش بىلەن بىللە، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشقا باتۇر بولغاندىلا، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلاشقىلى، تەزكىرە خىزمىتىنى ئىجادىي يوسۇندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**7) مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىچىلىك**

**نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

تۈنجى نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى نەزەرىيە جەھەتتىكى تەييارلىق يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا باشلانغانىدى، شۇڭا ھازىر ئالدىمىزدا جاۋاب بېرىشكە ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيەتچىلىرى، سوتسىيالىستىك تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئىگىلىك ياراتقۇچىلىرى ۋە ئىشتىراكچىلىرى بولغان كەڭ تەزكىرە خادىملىرى ئازكەم 20 يىللىق تەزكىرە ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى توپلىدى، بۇ تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەش ۋە نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ناھايىتى زۆرۈر. تەزكىرىشۇناسلىق ھەم قەدىمىي، ھەم يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پەن، تەزكىرە نەزەرىيىسىنى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە پىششىق يېتىلدۈرۈش تەزكىرە تۈزۈش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سىياسىي سۈپىتى، ماتېرىيال سۈپىتى، تۈزۈلۈش سۈپىتى، يېزىق ئۇسلۇبى سۈپىتى قاتارلىقلارنى ئۆستۈرىدۇ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنىمۇ جەزمەن ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم. ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك بولمىدى ، شۇڭا ھازىر تەزكىرە تۈزۈش بولۇپمۇ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابىنى چىقىرىپ بولغان ئورۇنلار نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى تۇتۇشى كېرەك. نازارەت - ئىدارىلەر تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كەسىپلەر تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىدىكى بىر ۋەزىپە سۈپىتىدە خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

**8) تەزكىرە خىزمىتى ساھەسىنى پائال كېڭەيتىپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك**

تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يېڭى تېما ئەمەس، بۇنى بىز تەزكىرە تۈزۈش باشلانغاندىن تارتىپلا قايتا - قايتا تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. بىز تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرىنى رولى بولغاندىلا ئاندىن ئورنى بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدۇق. ئازكەم 20 يىللىق تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتە تەزكىرە خىزمىتىنى قوللاپ كەلدى، شۇڭا تەزكىرە خادىملىرى خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، لاياقەتلىك تەزكىرە كىتابلىرى ۋە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى كېرەك. كۆپلىگەن جايلار ۋە تارماقلارنىڭ تەزكىرە ئاپپاراتلىرى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتە قېزىشىمىزغا تېگىشلىك ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچ بار، نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار بۇ جەھەتتە تېخىچە ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايۋاتىدۇ، بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. دەل

www.uyghurkitap.com

يولداش لى تېيىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: تەزكىرىدىن ئىبارەت مول مەزمۇنلۇق جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالىغا دائىر بايلىق خەزىنىسىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەرخىل مەخسۇس ئەسەر، ئىلمىي ماقالە، ماتېرىياللارنى ئىمكانقەدەر تېزراق يېزىپ چىقىپ، تەزكىرىگە ئائىت ئون - سىن بۇيۇملىرىنى سىناق تەرىقىسىدە نەشر قىلىپ...، تەزكىرىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، نەتىجە قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە تارماقلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشى، چارە - ئامال تېپىشى كېرەك:

(1) تەزكىرە خىزمىتى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش لازىم.

ئەينەن ئېيتساق، تەزكىرە خىزمىتى تونۇلۇش دەرىجىسى يۇقىرى بولمىغان كەسىپ، ھەتتا نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلارنىڭمۇ بۇ خىزمەتنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. بۇ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بىز تەزكىرە خىزمىتى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىغا دائىر تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇ خىل تەشۋىقات، ھەم تەزكىرە كىتابلىرىغا دائىر تەشۋىقات، ھەم شۇ جاينىڭ ئەھۋالى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىگە دائىر تەشۋىقات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرى ۋە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كۆپلىگەن كەسىپلەر تەزكىرىلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا تونۇجى تارقىتىش مۇراسىمى ياكى سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىلىپ، تەزكىرە كىتابى تەشۋىق قىلىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

(2) تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرە ئوقۇش - تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

بىزنىڭچە، تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، ئوقۇرمەنلەر دائىرىسى مەسىلىسى، باشقىچە ئېيتقاندا تەزكىرە كىتابلىرىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرۈش مەسىلىسى بار. شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن رايونلار ۋە ئورۇنلار تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتىگە خېلى ئەھمىيەت بەردى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەملىكەت بويىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى چوڭ مۇھىتتا، تەزكىرە خادىملىرى تەزكىرىنى تۈزۈپلا قويۇپ، تارقىتىشنى ئويلاشمىسا، بۇ خۇددى كارخانىلار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مەھسۇلات سېتىش بىلەن كارى بولمىغاندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. نۆۋەتتە جايلارنىڭ خىراجىتى ناھايىتى قىس، تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىمۇ ھەم شۇنداق، ئەگەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، قايتۇرۇپ كېلىنگەن خىراجەتنىڭ تەزكىرە ئىشلىرىغا ياردىمى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ پەقەت ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، مۇھىمى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىش دائىرىسى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىدىن مەنپەئەتدار بولۇش دائىرىسى مەسىلىسى شۇنداقلا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى مەسىلىسى بولىدۇ. ھەرقانچە ياخشى تەزكىرە كىتابىمۇ تاشلاپ قويۇلسا ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، تەزكىرە كىتابلىرى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن، ئىشلىتىلگەندىلا، ئاندىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلالايدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن تارماق ۋە رايونلىرىمىز بۇ جەھەتتە مۇئەييەن تەجرىبىگە ئىگە بولدى، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»

، «باينغولىن موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» ، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى «تـەپتىشلىك تـەزكىرىسى» ، «پـۇل مـۇئامىلە تەزكىرىسى» ، «تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى تەزكىرىسى» ، «سۇچىلىق تەزكىرىسى» ، «تاۋار تەكشۈرۈش تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرىلەرنى تۈزگەن جايلار ۋە ئورۇنلار بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى خىزمەت ئىشلىدى. تەزكىرە كىتابلىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىنكى تارقىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى كۈچەيتكەندىلا، تەزكىرە خىزمىتىمىز ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىغا بىرقەدەر ئاسان ماڭالايدۇ.

(3) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئۇچۇر، ماتېرىيال ئامبىرلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تارىخ ـ تەزكىرە تارماقلىرى جايلار ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى، بۇ ماتېرىياللار جايلارنىڭ يەر ـ زېمىن بايلىقى، گىدرولوگىيە بايلىقى، كىلىمات بايلىقى، قېزىلما بايلىقى، ھايۋانات بايلىقى، ئۆسۈملۈك بايلىقى، نوپۇس بايلىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئەھۋاللارغا چېتىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللار تەزكىرە كىتابلىرىنى يېزىش ئۈچۈن پۇختا ماتېرىيال ئاساسى ھازىرلاپ بەردى شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پـارتكوم، ھـۆكـۈمەتلەر ۋە كـەسىپكە مـەسئۇل تارماقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى تىزگىنلەش جەھەتتە جايلار ئەھۋالىغا دائىر چىن ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. كۆپ مىقداردىكى ئەتراپلىق، چىن، سىستېمىلىق ماتېرىياللار توپلانغاچقا، كۆپلىگەن جايلاردىكى تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۆز يېرى ياكى ئۆز تارمىقىنىڭ جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال مەركىزىگە ئايلاندى. بىراق كىتاب ھەجمىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار توپلانغان ماتېرىيالنىڭ ئاران ئوندىن بىرىنىلا ئىگىلىدى ، نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار تەزكىرە تارماقلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرى بۇ ماتېرىياللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بولۇپمۇ شىنجاڭ نۆۋەتتە غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، قانداق قىلىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىمكانقەدەر تېزراق بېيىش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يېتەكلەش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولماقتا. تەزكىرە خادىملىرى غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن جايلار ئەھۋالىغا دائىر مول ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ رەھبەرلىككە ئەقىل كۆرسىتىشى، ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشى لازىم. غايەت زور تەزكىرە بايلىقىنى ۋاقتىدا خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. تەزكىرە كىتابلىرى ۋە جايلار ئەھۋالىغا دائىر باشقا ماتېرىيال كىتابلارنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈستەل كىتابىغا ۋە ئاممىنىڭ ئائىلە كىتابىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، جايلار، تارماقلاردىكى تەزكىرە خىزمىتى ئاپپاراتلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جايلارنىڭ تەرەققىيات تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، تۈر تۈرغۇزۇشى ۋە تۈرلەرنى دەلىللىشى جەھەتتە تارىخ ـ تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشى

كېرەك.

جايلار يەنە جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويغان تەزكىرىنى رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دائىر تەلەپكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال توپلاپ، رەتلەپ، پىششىقلاپ ۋە ساقلاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرغاندا ئېلېكترونلۇق نەشر نۇسخىسى ۋە لازىر نۇرلۇق پلاستىنكىسىنى نەشر قىلدۇرۇشنى ئويلىشىپ كۆرسە بولىدۇ. بىز زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەزكىرىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تەزكىرىنىڭ نەتىجە قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

**9) يىلنامىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم**

يىلنامە خىزمىتى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شارائىتى بار رايون ۋە تارماقلار بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇردى. بۇ جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، يىلنامە تۈزۈش خىزمىتىنى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىگە كىرىشتىشتىن ئاۋۋالقى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتتى. بەزى جايلار ۋە تارماقلار بىرنەچچە توم يىلنامە تۈزۈپ نەشردىن چىقىرىپ، رەھبەرلەر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى يىلنامە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، شارائىتى بار رايون ۋە تارماقلار تەزكىرە تۈزۈش ۋە ئۇنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يىلنامە تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى، يىلنامە خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن ماتېرىيال جەھەتتە ياخشى ئاساس سېلىشى كېرەك.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» — ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرىدىغان، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزىدىغان، ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال، چوڭ ھەجىملىك ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى كۆپ مىقداردىكى ئۇچۇر ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى چىقىرىش جەھەتتىكى پىكىر يوللىرىمىزنى پائال كېڭەيتىپ، يىلنامىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇر مىقدارىنى بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە بازار ئۇچۇرى مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، يىلنامىنى رېئاللىققا، تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشىمىز؛ تۈرلۈك ئېلان كەسپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى ئۇچۇر ماتېرىيال مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشىمىز؛ يىلنامىنى نەشردىن چىقىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى ماقالە، ئېلان بىلەن تەمىنلەش، تەشۋىق قىلىش ۋە پائال تارقىتىش ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك ۋەزىپىسى، شۇڭا

كۆپچىلىكنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يىلنامىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**10) تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم**

تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەزكىرە خادىملىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەيدىغان ئاممىۋى تەشكىلات. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى بولغان كاتىبات باشقارمىسى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇنىڭدەك ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە بەزى ئىلمىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، ئەزا ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە ئائىت ژۇرنال «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نى ساقلاپ كەلدى ۋە ياخشى چىقاردى. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى بىرلا خىل قېلىپتا بولدى، شەكلى كۆپ خىل بولۇپ كېتەلمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى چوقۇم كۈچەيتىمىز، بولۇپمۇ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش ۋە جانلاندۇرۇش جەھەتتە دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا ماڭىمىز. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىنى نورمال قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلمىي جەمئىيەتكە ئەزا ئورۇنلار ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسەن ئەزالىق بەدىلىنى ئاكتىپلىق بىلەن تاپشۇرۇشى كېرەك.

يولداشلار، خىزمىتىمىزدە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ نەتىجىلەر پەقەت ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، ۋەزىپە مۇشكۈل، مۇساپە يىراق، بىز ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ياخشى روھىي ھالەت، ئەلا خىزمەت نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا مەن يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە يولداشلارغا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن. ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەستىقلىشى ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئابدۇقادىر نەسىردىنىنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن نامرات رايونلار ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ياردەم بېرىلىدىغان 500 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ھەل بولدى. بۇ ئىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە، بولۇپمۇ نامرات رايونلار ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىشىغا غايەت زور تۈرتكە بولغۇسى. بىز چوقۇم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپى ۋە يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ مەخسۇس مەبلەغنى ياخشى باشقۇرىمىز ۋە ئىشلىتىمىز. بۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىمىز. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق تەزكىرە خادىملىرىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر.

www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان خۇلاسە سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەرجە

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 2 كۈن ئېچىلىپ بۈگۈن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر يولداش سۈي شۇجيې «رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ۋەكىللەر مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىننىڭ سۆزىنى ۋە يولداش سۈي شۇجيېنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى چۈرۈدەپ ئەستايىدىل قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، قانداق قىلغاندا يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى ھەمدە تەزكىرە كىتابلىرىنى بۇگۈنكى دەۋر ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە نۇرغۇن ياخشى تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتتى ۋە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يولداش سۈي شۇجيېمۇ خىزمەت دوكلاتىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، بىر تۈركۈم جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتاب ۋە ماتېرىيال كىتابلار نەشردىن چىقىپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا پائال رول ئويناپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. تەزكىرە تۈزۈشتە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى نەچچە مىڭ يىللىق تەزكىرە تۈزۈش نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ خالىس قوشقان تۆھپىسىنىڭ، تىرىشىپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاپتونوم رايونىمىز-دىكى كەڭ تەزكىرە خادىملىرىغا ئەڭ سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن!

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپچىلىك شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىك لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن توغرا لىنىيە بويىچە قارىغاندا، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان پەرق ناھايىتى چوڭ، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ تەلىپى، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەلىپى بىلەن بولغان پەرق تېخىمۇ چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونلار ۋە ساھەلەر تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئەت ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز، شۇڭا مەن ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھەم نەتىجە يارىتىش باسقۇچىغا، ھەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇشۇ قېتىملىق يىغىننىڭ روھىنى قانداق يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يەنە بىرنەچچە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

### 1. ئەستايىدىل دوكلات قىلىش كېرەك

مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 ~ 21 - كۈنلىرى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاش، تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە تايانچلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تۈزۈملىشىش ۋە قېلىپلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسرىدىن ۋە سۈي شۈجيېلار ئاپتونوم رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىللىق تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداشلارنىڭ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئاساسلىق رەھبەرلەرگە ئەستايىدىل دوكلات قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يولداش جياڭ زېمىن: «تەزكىرە خىزمىتى ئوڭايلىقچە دىققەت - ئېتىبار قوزغىمايدىغان مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشى ھەم ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. تەزكىرە خىزمىتى — ھۆكۈمەت ھەرىكىتى، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىدىغان خىزمەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بەزى يولداشلار، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاندا تەزكىرە تۈزگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش خاتا. ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقىپ بولغان رايون ۋە ساھەلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان جايلار ئەمەس، مەسىلەن: يوپۇغا، قاغىلىق، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر، ئاتۇش، ئۇلۇغچات، نىلقا، باركۆل ناھىيىلىرى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە - شەھەرلەر، لېكىن بۇ ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە كىتابلىرى خېلى بۇرۇنلا نەشردىن چىقىپ بولدىغۇ. كەلپىن ناھىيىسى بىر كىچىك ناھىيە، شۇنداقلا دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ناھىيىنىڭ خەنزۇچە،

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرچە تەزكىرىسى ئاللىبۇرۇن نەشردىن چىقىپ بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە، رەھبەرلەردە كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسى بولسا، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. شۇڭا تەزكىرە خىزمىتى بىر ئىزدا توختاپ قالغان رايون ۋە ساھەلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلىمىز، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرسىلا ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى رايون ۋە ساھەلەردە، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئارقىدا قالغان تەزكىرە خىزمىتى بىراقلا ئالدىغا ئۆتكەنلىكىگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردە بىر ـ بىرلەپ دەپ ئولتۇرمايمەن.

## 2. يىغىنىنىڭ روھىنى دەرھال يەتكۈزۈش كېرەك

كۆپچىلىك قايتىپ بارغاندىن كېيىن تەزكىرە خادىملىرىغا يىغىنىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئەستايىدىل يەتكۈزۈشى كېرەك. كەڭ تەزكىرە خادىملىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرسۇن ھەمدە ئۇنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بولسۇن. تەزكىرىنى ئادەم تۈزىدۇ، شۇڭا تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ساپاسى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى شۇنداقلا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى بەلگىلەيدۇ. مەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، تۆھپە قوشۇپ، تىرىشىپ يول ئېچىپ، پائال ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى ئارقىدا قالدى، تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمى تېخى ئورۇندالمىدى، يولداشلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈك يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر. بىز سۈرئەتنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشىمىز، نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى خىزمىتىمىزنىڭ بارلىق جەريانى ۋە ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، داڭلىق، ياخشى تەزكىرە كىتابلىرىنى چىقىرىشىمىز كېرەك.

## 3. چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم

مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن، سۈي شۇجيېلار سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتىكى نەتىجىسى ناھايىتى زور، لېكىن پەرقمۇ ناھايىتى روشەن، بۇ ئاساسلىقى سۈرئەت جەھەتتىكى پەرقنى كۆرسىتىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان «ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى» دا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 ـ يىلدىن بۇرۇن تاماملاش تەلەپ قىلىنغان، بۇ يۇمشاق ۋەزىپە ئەمەس، قىلسىمۇ قىلمىسىمۇ بولىدىغان خىزمەت تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇنداشقا تېگىشلىك قاتتىق ۋەزىپە. ھازىر 2005 ـ يىلغا 4 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت قالدى، جايلار ۋە ئورۇنلار بىر تۇتاش پىلانلاپ، كۈڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ، ۋاقىت، سۈرئەت جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىپ، ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلاش باسقۇچىغا كىرىشى كېرەك. يولداشلار، ۋاقىت بىزنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، كۆپچىلىك مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان روھ بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

تۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغان رايون ۋە ئورۇنلار ئۆز پەيتىدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىشى ھەمدە سۈپەتنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن رايونلار تېزدىن تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئۆز يېرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. يىغىن شەكىلدىنلا ئىبارەت، گەپ ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە. جايلار يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئاساسىدا، تېزلىكتە خىزمەت پىلانى تۈزۈپ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماقۇللىشىغا يوللىشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنى ئىش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مەمۇرىي فۇنكسىيە يۈرگۈزىدىغان كەسپىي ئورۇن. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، ئۆتكەلنى ئىگىلەش فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىللە، خىزمەت سۈرئىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش، ئۇنى تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسىنىمۇ ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، ئالاقە ئارقىلىق، تېلېفون ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىشقا تىرىششى كېرەك. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تەزكىرە كومىتېتلىرىمۇ ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇنلارنى باشقۇرۇش فۇنكسىيە-سىنى ئادا قىلىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىششى كېرەك.

ئەل گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېڭى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرە خادىملىرى چوقۇم تەزكىرىنى سىياسىئونلار تۈزۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى، كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ۋاقىت جەھەتتە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىدا بولۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى كۈچلۈك سۈپەت ئېڭى تۇرغۇزۇشى كېرەك. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىش نىشانى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى بوران - چاپقۇن ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى

يۈەن شۈ

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن)

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قورۇل سىرتىدىكى يېتىم ئارالدەك ئىچكى - تاشقى مالىمانچىلىق ئىچىدە داۋالغۇپ تۇراتتى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خەلقئارا زومىگەرلىكنى تالىشىدىغان مۇھىم ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە داۋالغۇپ تۇرغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە مۇھىم ۋە ئالاھىدە رول ئوينىدى، بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تېمىغا ئايلاندى. خەلقئارالىق دىپلوماتىيە كۈرىشىنىڭ مۇرەككەپلىكلىكى، بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ تېما ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىق قىلىنماي كەلدى، تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققانلارمۇ ئاز بولدى. مەن ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ئازغىنە ماتېرىيالغا تايىنىپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم، بۇ ئەمگىكىمنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئاز - تولا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش يۈزىسىدىن جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن جۇڭگوغا ياردەم بېرىپ، جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق، تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىغا بولغان بېسىمنى يېنىكلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى يۆلەپ، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئارقىلىق، ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگودىكى مەنپەئەتكە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولۇشقا تەييارلىق كۆردى. شۇڭا ئامېرىكا روسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسى بولغان ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان شىنجاڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئارىلىشىش پۇرسىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ھۆ-



كومىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ شىمالىي، جەنۇبىي ۋە غەربىي شىمالى قىسىملىرىنى شۇنداقلا شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. شىنجاڭنىڭ دۆبەنى شېڭ شىسەي خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشى نەتىجىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1942 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ھەمدە ئامېرىكا - ئەنگلىيە تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەدرىجىي ھالدا ئۇرۇمچىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە خادىم مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئامېرىكىدا ئوقۇغان دىپلومات ۋۇزېشياڭنى ئالاھىدە خادىملىققا تەيىنلىدى، مەھكىمىدە يەنە ئامېرىكا - ئەنگلىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، كونسۇلخانا قۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. شۇ يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلدى. كېيىنكى يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى كۇلۇب بۇيرۇققا بىنائەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇنجى كونسۇللۇقنى ئۈستىگە ئالدى. كونسۇلخانىنىڭ ئورنى تەخمىنەن 7000 كۋادرات مېتىر بولۇپ①، نەنلياڭدىكى ياڭماۋخۇ 1 - كوچا 5 - قورۇ (ھازىرقى غالىبىيەت يولى تىنچلىق كوچىسى 1 - قورۇدىكى 8 - ئارمىيە ئىش باشقارمىسى) دا تەسىس قىلىندى. ئامېرىكا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىجارىگە ئالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى: بىرىنچى، ھىندىستان ۋە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلىدىغان، ئامېرىكا ياردەم قىلغان ئەشيالارنى توشۇشقا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن دوستلىشىش، ئاپتوموبىلدا شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئاخباراتىنى توپلىدى. 1944 - يىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئاخبارات خادىمى ماكىنان شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى، ھاۋارايى، چېگرىسى ۋە ئايرودروملىرى قاتارلىق كۆپ خىل ھەربىي نىشانلىرىنى تەكشۈردى②. 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا ماكىنان ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كونسۇلخانىنىڭ كاتىپى، مۇۋەققەت مۇئاۋىن كونسۇلى بولدى. 1948 - يىلى 12 - ئايدا مۇئاۋىن كونسۇللۇققا تەيىنلىنىپ، مەخسۇس ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۈچىنچى، ئامېرىكا تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ رەسىملىك ژۇرناللىرى، سۈرەتلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىنى تارقاتتى؛ نەنلياڭدا ئامېرىكا كىنولىرىنى ھەقسىز قويدى، كونسۇلخانا ئىچىگە چېدىر تىكىپ، ھەقسىز كېسەل داۋالىدى؛ ئىنگلىز تىلى كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا كونسۇلنىڭ خانىمى رىياسەتچىلىك قىلدى، كۇرستا كونسۇلخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سىنىپى، ئۇيغۇر ياشلىرى سىنىپى ۋە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى سىند-
پىدىن ئىبارەت ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنىپ
③، ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتې-
گىيىلىك نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن،
ئامېرىكاپەرەسلەرنى يېتىشتۈردى.

شىڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوي-
نىغا ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزۈندىن
بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىياسىي، ئىق-
تىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنى چېكىنىشكە مەج-
بۇر قىلدى، موسكۋا تەرەپ بۇ سوۋېت - گېر-
مانىيە ئۇرۇشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارقا تەرەپتىن يېگەن بىر زەربە،
بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارى-
دى. شىنجاڭدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە كونسۇلخا-
نىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، بەئەينى بەدەنگە سانچىلغان تىكەن بو-
لۇپ، ستالىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغى-
دى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىن-
جاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئى-
لى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى
ئاساس قىلغان ھۆكۈمەتكە قاراتقان قوراللىق
كۈرەشلەرنى پائال تەشكىللەپ ۋە قوللاپ، گو-
مىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بې-
رىپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭغا سىڭىپ
كىرگەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ ھۇ-
شىنى تاپقۇزۇپ قويدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوماندانلىق شتا-
بى 1945 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ غۇل-
جىدىكى ھەربىي ھاكىمىيىتىگە ئومۇميۈزلۈك
ھۇجۇم قوزغىدى، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش
جىددىي ۋە كەسكىن بولدى. ئامېرىكا كونسۇل-
خانىسى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىش ئەھۋالىنى بىلىشكە
ئالدىرىدى. ۋەقەنىڭ جەريانىنى دۇنياغا ئاشكا-
رىلاپ، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈ-
چۈن، ئامېرىكا كونسۇلى 1 - ئاينىڭ 11 -
كۈنى ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىننى يوقلاپ
«غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش
ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جامائەت
پىكرى بېسىمى پەيدا قىلماقچى بولدى④. ئۇ-
زۇنغا بارماي گومىنداڭنىڭ ئىلىنىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدىكى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن
تارمار قىلىندى. 23 - كۈنى ۋارود ۋۇجۇڭ-
شىننى يەنە يوقلاپ بېرىپ، ئىلى ۋەقەسىنىڭ
ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى سورۇشتۇردى⑤
ھەم بۇلارنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە
قىلىپ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن يوللىدى. 6
- ئاينىڭ بېشىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق
شتابى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ
ياردىمىدە، شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي
فرونتلاردىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئومۇم-
يۈزلۈك كېڭىيىش ھەربىي پىلانىنى تۈزدى ۋە
يولغا قويدى، ئۆلكە مەركىزى خەۋپ ئىچىدە
قالدى. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋارود ۋۇ
جۇڭشىننى يوقلاپ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترومىن-
نىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى خوپكىننىڭ موسكۋاغا
يۆرۈپ كەتكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ «غۇلجا
ۋەقەسى» نىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كەتمەسلىكى-
نى⑥ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئە-
مەلىيەتتە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
غۇلجا بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئەسلى ھا-
لىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزىدە ئۆزەڭگە
سوقۇشتۇرۇپ، بەزىدە تىل بىرىكتۈرۈپ، يەڭ
سودىسى قىلىشىۋاتاتتى. 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ
1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا،
ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل-

لىرى تەكلىپكە بىنائەن غەربىي بىنادا ئۆتكۈ-
زۈلگەن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇ-
راسىمىغا قاتناشتى⑦ . قارىماققا شىنجاڭنىڭ
سىياسىي ۋەزىيىتى ۋاقىتىنچە تىنچىغاندەك
قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە يېڭى بىر نۆۋەتلىك
سوغۇق مۇناسىۋەتلەر كۈرىشى تېخىمۇ كەس-
كىنلەشتى. ئامېرىكا ئىچكى جەھەتتىن ئارد-
لىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە
بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇ-
زۇن ئۆتمەي ئامېرىكا «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ
ئايال مۇخبىرى ئىستونس باربارا بىلەن فاگ
فاركىل غۇلجىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋا-
لىيسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللى-
رىدىكى ئاقسۆڭەك ھاكىمبەگ خوجا، مالىيە
نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن ۋالىيسى، داڭلىق باي سودىگەر ئەنۋەر
مۇسابايېف، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندا-
نى ئىسھاقبېك مۇنونوف، ھەربىي سوت مەھ-
كىمىسىنىڭ باشلىقى غېنى قاتارلىق داڭلىق
ئەربابلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىش
ئەھۋالىنى ئىگىلىدى⑧ . ئارقىدىنلا ئامېرىكا
كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان-
مۇ ئىلىغا بېرىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گېزىت-
خانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئىلى ۋالىي
مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، دېموكراتىك ئىن-
قىلاب پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت
ئىسھاقوف ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا
تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى داباشىنلارنى زىيا-
رەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم
بەرگەنلىكىگە ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاپ،
خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش،
كېڭەيمىچىلىك قىلىش دولقۇنى قوزغىدى.

1947 - يىل 6 - ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭ-
دا يەنە بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ تاشقى
موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ گۇ-
چۈڭدىكى چېگرىسى بەيتىك تېغىغا تاجاۋۇز
قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىرمەيدان قورال-
لىق توقۇنۇشتۇر. ئامېرىكا بۇ ۋەقەدىن پايدى-
لىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا
قارشى تۇردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ماكىنان
ئوسمان ئىسلامنىڭ ھەمراھلىقىدا بەيتىك تې-
غىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، ئەت-
راپنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خەرىتە سىزدى⑩
. ئامېرىكا خەلقئارا «ئاخبارات» خەۋەرلەر
باشقارمىسىنىڭ مۇخبىرى روبسون، ئامېرىكا
بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى
ماتسون، «نيۇ - يورك خەۋەرلىرى» گېزىتى-
نىڭ ئايال مۇخبىرى پېك، «نيۇ - يورك پې-
شىۋالار مۇھاكىمە مۇنبىرى» گېزىتىنىڭ
مۇخبىرى لاند، فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلى-
قىنىڭ مۇخبىرى ساۋالېل قاتارلىقلار 6 - ئاي-
نىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى.
بەزىلىرى بەيتىك تېغىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى
⑪ . شۇنىڭ بىلەن بەيتىك ۋەقەسى دۆلەت ئى-
چى ۋە سىرتى كۆز تىكىدىغان قىزىق نۇقتىغا
ئايلاندى. شۇ چاغدا ئامېرىكا گېنېرالى مارشال
جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىن-
داڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇۋا-
تاتتى، ماكىنان گومىنداڭنى تەشۋىقاتنى كې-
ڭەيتىشكە قۇترىتىپ، ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى
قوزغاش ئارقىلىق بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇپ،
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى⑫ .

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇشتا
سىياسىي جەھەتتە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ
كەتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش

گىردابىغا پېرىپ قالدى، ھەربىي جەھەتتە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئامېرىكا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرىقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگودىن يېڭى ۋاكالەتچى تېپىش كويىغا چۈشتى. ئۇلار شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى كىشىلەرنى تېپىش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىي گۇرۇھلار سىياسىي نىشانى، مىللەت قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەلىي كۈچى، ئورنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ گۇرۇھقا ئايرىلغانىدى. بىرىنچى، ئۆلكە رەئىسى مەسئۇد ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئەيسا باشچىلىقىدىكى سىياسەتۋاز ئەمەلدارلار، ئۇلار گەرچە ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە جياڭ جيېشى تەرىپىدىن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان بولسىمۇ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىپ قىلىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولغان ، ئۇلار ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇئەييەن كۈچ ۋە تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ھەربىي قورال - ياراغلىرى بولمىغاچقا، چوقۇم خوجايىنىغا تايىنىپ، پۇرسەت كەلگەندە سىياسىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان. ئىككىنچى، ئوسمان، جانىمقان باشچىلىقىدىكى قازاق فېئودال ئاقساقاللار، ئۇلارنىڭ ئېنىق دۆلەت قارىشى ۋە سىياسىي غايىسى يوق، ئىدىيىسىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان قەھرىمانلىق تۇسى قاپلىۋالغان، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاز سانلىق فېئودال يۇقىرى قاتلام ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تار دىنىي مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلار ئىلگىرى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە قوراللىق قارشى تۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، كېيىن يەنە ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقان، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى پۇرسەتپەرەسلىك ۋە كۆچمەن قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن تولغان، ئۇلار تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي، قوراللىق ھەرىكەت جەھەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىقتىدارى، ھەرىكەتچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن پىشمىغاچقا ئاسانلا باشقىلار ئۆزىگە تارتىدۇ، سېتىۋالىدۇ ۋە پايدىلىنىپ كېتىدۇ⑬. ئۈچىنچى، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئاتلىق 1 - شىسىنىڭ باشلىقى ما چېڭشياڭ، 78 - شىنىڭ باشلىقى يې چېڭ، 179 - لۈينىڭ باشلىقى لوشۇرېنلار باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ، ئۇلارنى غەربىي شىمالدىكى مىللىتارىست ما بۇفاڭ، مەركەز ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى خۇ زۇڭنەن ۋە گومىنداڭ «جۇنتۇڭ» (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئىستاتىستىكىلاش مەھكىمىسى) ئىشپىيونلۇق ئورگىنى كونترول قىلىدۇ. ما چېڭشياڭنىڭ ئاتلىق 1 - شىسى فېئودال، مۇستەبىت، دىن كونتروللۇقىدىكى، ناھايىتى جاھىل، ئىنقىلابقا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، ئۇرۇش دېسە جېنىنى بېرىدىغان، مەلۇم جەڭگىۋارلىققا ئىگە قوشۇن

ئىدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ
مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىپ، شىنـ
جاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ،
چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش
بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئارمىيىنىڭ ئۇيۇ-
شۇشچانلىقىنى ئاشۇرسىمۇ، لېكىن ئىچكى
قىسىمدا نۇرغۇن گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن بو-
لۇپ، زىددىيەت كۆپ ئىدى؛ ۋەزىيەت داۋال-
غۇپ تۇرغاچقا، ھەممەيلەن ئۆز ئىستىقبالىدىن
قايغۇرۇپ، غەم ـ ئەندىشە قىلاتتى. بۇنىڭدىن
باشقا قۇمۇل ۋالىيسى، شەرقىي شىنجاڭ گار-
نىزون قوماندانى يولۋاس، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا ھەمدە بەزى كونا ئەمەلدار، سىياسىئون-
لار، پارتىيە، گۇرۇھلارمۇ ئۆز ئالدىغا مەز-
ھەپ بولۇۋالغان، ئەمما ھەرقايسى گۇرۇھلار-
نىڭ مەنپەئەتى، سىياسىي مۇددىئاسى، مەپكۇ-
رىسى، ئىجتىمائىي ئاساسى ئوتتۇرىسىدىكى
پەرق چوڭ بولغاچقا، زادىلا سىغىشالمايدۇ،
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۇرۇشتا كەينى
ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇۋاتقان، غەربكە كۆ-
ڭۈل بۆلۈشكە ۋاقتى يەتمەيۋاتقان پەيتتە شىنـ
جاڭدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ
چىقىش يولىنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى. . ئا-
مېرىكا كونسۇلخانىسى خەلقئارا سوغۇق مۇنا-
سىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى غەربتىكى كۈچلەرنىڭ
ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمە-
لىي كۈچى، ئورنى ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن
كېيىنكى تەسىرىگە تايىنىپ، سىڭىپ كىـ
رىش، ئۆزىگە تارتىشتىن قەدەممۇ قەدەم مۇس-
تەقىل بولۇشنى تەشكىللەش، پىلانلاشقا ئۆ-
تۈپ، ئاخىرىدا كوممۇنىزمغا قارشى گۇرۇھ-
لارنىڭ سىياسىي يادروسى ۋە قوماندانلىق شىـ
تابىغا ئايلاندى.

ئامېرىكا كونسۇلخانىسى 1947 ـ يىلىلا
شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى پىلانلاپ،
مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قا-
تارلىقلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، كۆپ قېتىم
يىغىن ئېچىپ سۇيىقەست پىلانلىدى. 12 ـ
ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەيسانىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان يىـ
غىندا ئەيسا جىياڭ جىيېشىدىن شىنجاڭغا «ئاپ-
تونومىيىدىن يۇقىرى، مۇستەقىللىقتىن تۆ-
ۋەن» ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىش پىكرىنى
ئوتتۇرىغا قويدى، ماھىيەتتە بۇ مەركىزىي ھۆ-
كۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ بۆلۈنۈش-
كە قاراپ تاشلانغان ھەل قىلغۇچ بىر قەدەم
ئىدى. ئامېرىكا كونسۇلى پاكستون بۇ بۆلگۈن-
چىلەرنىڭ يا ئىقتىسادىي كۈچى، يا ھەربىي
ھوقۇقى يوقلۇقىنى، مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئا-
شۇرۇشتا غەربنىڭ كۈچىگىلا تايىنىدىغانلىـ
قىنى، شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ قولىغا ئايلىـ
نىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دەرھال
بۇ پىكىرنى ئالقىشلىدى ھەمدە زەھەرخەندىلىك
بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «باش كاتىپ ئەيـ
سا ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىـ
دىغان قالتىس ئادەمكەن⑭» ، دەپ يەل بەر-
دى. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا پىلانلىغان بۆلگۈنـ
چىلىك ھەرىكىتى ۋاقىتىنچە گومىنداڭ مەركىـ
زىي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئالىي
ئاپتونومىيە» نى قولغا كەلتۈرۈش دائىرىسىدە
ئىدى.

1948 ـ يىلى گومىنداڭ قوشۇنلىرى
ئىچكى ئۇرۇشتا كەينى كەينىدىن مەغلۇپ بو-
لۇپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەۋرىنىپ قالدى،
ئامېرىكا پىلانلىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى
بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەۋج ئېلىپ، مۇتلەق مۇس-
تەقىل بولۇشتەك سىياسىي تەلەپ ئوتتۇرىغا
قويۇلدى. 1948 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىـ

رى مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھازىر-
قى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئورنىدىكى ئۆيىدە
ئېچىلغان مەخپىي يىغىندا مەمتىمىن بۇغرا ئا-
مېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ
«مۇستەقىللىق»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلە-
پىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پاكىستون شۇ ھامان
بۇ تەشەببۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچىنىڭ
يېتىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ⑮
. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماكنان ئوسماننى قۇت-
رىتىپ «دىننى قوغداپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا،
كوممۇنىزمغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى
تۇرۇش كومىتېتى»نى تەشكىللىدى، ئوسمان
تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، قوماند-
انلىق مەركىزى ھازىرقى خەلق مەيدانىدىكى
تەڭرىتاغ مېھمانسارىيىنىڭ جەنۇبىدا تەسىس
قىلىندى. ھازىرقى «ئىتتىپاق» يولى ئەتراپى-
غا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلا-
رنى ئامېرىكا بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى
خىراجەت ۋە ئوق-دورا بىلەن تەمىنلىدى⑯.
قازاق ئەترىتى ئالتاي تېغى ۋە جۇڭگو-موڭغۇ-
لىيە چېگرىسى ئەتراپىنى ساقلاپ، ئاخبارات
ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش پۇر-
سىتىنى كۈتۈشكە تەشكىللەندى. ئوسمان بۇيى-
رۇقىغا بىنائەن سەنتەيگە قايتىپ كېلىپ، ئۈچ
چوڭ قازاق ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئۆزى باش
قوماندان بولۇپ، ھەربىي گازارما قۇردى⑰.
شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا كونسۇ-
لى سانجى كۆچەتخانا(ھازىرقى خۇيلىن ئېكې-
ئولوگىيە تەرەققىيات شىركىتى ئەتراپى) دىكى
يىغىلىشقا قاتنىشىپ، «مۇستەقىللىق» سۈيى-
قەستى ۋە قەدەم ـ باسقۇچلىرى ھەققىدە مەس-
لىھەتلەشتى، يىغىندا «مۇستەقىللىق» نىشانى
بېكىتىلىپلا قالماستىن، يەنە ھەرىكەتنى تەش-
كىللەپ يولغا قويۇش لايىھىسى مۇھاكىمە قى-
لىندى. پاكىستون «مۇستەقىل» بولۇشنىڭ
پەيتى يېتىپ كەلدى دەپ قاراپ، يىغىلىشتىن
كېيىن ئىيساغا ھەرىكەت خىراجىتى ئۈچۈن
3000 ئامېرىكا دوللىرى بەردى⑱.

1949 ـ يىلى ئەتىيازدا ئازادلىق ئارمىيە
سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى جايلارنى ئازاد قىل-
دى، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى لىڭشىپ
غۇلاپ چۈشۈش گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئا-
مېرىكا ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئۇزۇن مۇددەت-
لىك مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە سوۋېت ئىتتىپا-
قى كۈچلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى چەك-
لەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، غەربىي شىمال-
دىكى ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۈي قاتارلىق يەرلىك
تۇڭگان مىللىتارىستلىرىنى يىغىپ تەشكىل-
لەپ، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ⑲ قۇرۇش
سۈيىقەستىنى پىلانلاپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ
ئازادلىق ئارمىيىگە تاقابىل تۇرماقچى بولسا،
يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى كوممۇنىزمغا
قارشى كۈچلەرنى يىغىپ، «مۇستەقىللىق»
سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. شۇ
يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسى يىغىن
ئېچىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا قارشى تۆ-
ۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ھەرىكەت لايىھە-
سىنى بېكىتتى: (1) ئەيسانى جەنۇبىي شىن-
جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقا
ئەۋەتىپ، ئىغۋا تارقىتىپ، مۇستەقىل بولۇش
كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن
بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ، ئىجتىمائىي
ئاساسنى كېڭەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈش. (2)
مەمتىمىن بۇغرانى خوتەنگە ئەۋەتىپ، «شەر-
قىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا مەخ-
پىي تەييارلىق كۆرۈپ، خەلقئارادىكى ھەرقاي-
سى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە
قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارادا جاما-

ئەت پىكرى پەيدا قىلىش ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. (3) مەسئۇدنى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىش، زورۇر تېپىلغاندا شۇ جايدا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۇرۇمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش، تەڭرىتاغنى چېگرا قىلىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تىركىششىنى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى تەڭرىتاغ ئارقىلىق ئايرىپ، پەيت كۈتۈپ يەنە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش. (4) گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي قىسىملىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشنى يېقىندىن كۆزىتىش، ئەگەر تاۋ سىيۆ باشچىلىقىدىكى تىنچلىق تەرەپدارلىرى بىلەن يې چېڭ باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، يې چېڭغا ياردەم بېرىپ بارلىق ھەربىي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش، ئارقىدىن مەسئۇد، مەمتىمىن بۇغرالارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، ئاخىردا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىشىپ ئۇرۇمچىدە «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش ھەمدە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوراللىق تاقابىل تۇرۇپ، تۇڭگان مۇستەقىل تۆەنى بىلەن قازاق مۇستەقىل تۆەنىنى ئۆزلىرىگە تارتىپ «پايتەخت» ئۇرۇمچىنى قوغداش ⑳. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، ماكىنان كۆپ قېتىم سەنتەي (ھازىرقى جىمىسار) گە بېرىپ، ئوسمانغا كۈچىنى كېڭەيتىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، «تەسلىمچىلەر» نى باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. كېيىن پاكىستونمۇ سەنتەيگە كېلىپ ئوسماننىڭ ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، يولۋاس، مەسئۇد، جانىمقانلار بىلەن زىچ ئالاقىلىشىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. پاكىستون: «مەن سىلەرنىڭ ئىتتىپاق ئۆتۈشۈڭلەرنى، دەتالاش قىلىشماسلىقىڭلارنى، ئامېرىكىنىڭ سىلەرگە بەرگەن ياردىمىنى ئوبدان ئىشلىتىشىڭلارنى، بۇ ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۈچ ۋىلايەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» ㉑ دېدى. ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن، ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ يوغىناپ ئۇرۇمچى، سانجى، جىمىسار، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترانقۇلۇق قىلدى.

ئازادلىق ئارمىيە چاڭجياڭ دەرياسىدىن غەلىبىلىك ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىشى مۇقىملىشىپ قالدى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدىن ۋاز كېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاشكارا قوللاشقا ئۆتتى، بۇنىڭ سەۋەبى، ئىشەنچلىك ئاخباراتقا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا غەربىي شىمالدىكى مافامىلىلىك بەش مىللىتارىستنى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، يەرلىكتىكى كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ «بۈيۈك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرماقچى بولغان. ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىغا نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسىغا ئايلىنىپ، ئىك-

كىنچى غەربىي بېرلىن شەكىللىنىپلا قالماستىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىدا روسىيىگە قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر پەيدا بولۇشى، نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى يولغا قويغان رۇسلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش قەدىمىگە ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تېزدىن شىنجاڭغا كىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ستالىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شىنجاڭغا كىرىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بېكىتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا قاتنىشى ۋە ئارقا سەپ ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىلەن تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئارىسىدا كۆرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، 8 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى شىمگودا يىغىن ئېچىپ، «مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش» نىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى بېكىتىپ، مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئەگەر يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېنلار شىنجاڭنى جېنىنىڭ بارىچە ساقلاپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇ ھالدا ئۈرۈمچىدە دۆلەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ، مەسئۇد رەئىسلىككە، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە يولۋاسلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، يې چېڭ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ئوسمان مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. (2) ئەگەر يې چېڭنىڭ مەيدانىدا تەۋرىنىش بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى يار بەرمىسە، ھۆكۈمەت خوتەندە قۇرۇلىدۇ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا رەئىسلىككە، يولۋاس بىلەن ئەيسا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئوسمان دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. (3) مۇستەقىل دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ تېگى ئاق بولىدۇ، ئۈستىگە 14 تال قىزىل سىزىق چۈشۈرۈلۈپ، 14 مىللەتكە ۋەكىل قىلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلۈپ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ بەلگىسى قىلىنىدۇ. (4) قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر يولۋاس چوقۇم قۇمۇلنى چىڭ ساقلىشى، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك㉒. بۇ مەزگىلدە غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئازادلىق ئارمىيە ئارقا ئارقىدىن غەلىبە قىلدى، فۇمېي ئۇرۇشى بىلەن لەنجۇ ئۇرۇشىدا خۇ زۇڭنەن ۋە مابۇفاڭ قوماندانلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، چىڭخەينىڭ مەركىزى شىنىڭنى ئازاد قىلىپ، خېشى كارىدورىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئامېرىكا پىلانلىغان غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك بەش مىلىتارىست ئارقىلىق ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش سۈيقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن چۆل - باياۋان، مۇز تاغ ۋە خەتەرلىك چوققىلارغا تايىنىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولدى، چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلەر گۇرۇھلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئارقىلىق غەربتىكى چېگرا رايوندا كوممۇنىزمغا قارشى بازا قۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى كۈچلەرنى يىغىپ بىرلەشتۈرۈپ، بۇنداق كۈچلەرنىڭ كېڭىيىشىگە

www.uyghurkitap.com

مەدەت بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە جان جەھ-
لى بىلەن قارشى تۇردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئامېرىكا كونسۇلى
پاكىستون خىزمىتىدىن دوكلات بەرگىلى ئامې-
رىكىغا كەتتى، كونسۇلخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە
مۇئاۋىن كونسۇل ماكىنان رىياسەتچىلىك قىل-
دى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش
كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئۈلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ساھە-
سىدىكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تاۋ-
سىيۈ بىلەن بۇرھان بىرلەشتى ھەم جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىلى تەرەپتىكى
ئۈچ ۋىلايەتچىلەر بىلەن ئالاقىلەشتى. شىنجاڭ-
نىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى كۆرەش تىنچ-
لىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تەرەپكە مايىل-
لاشتى، ماكىنان دەرھال ئۇرۇشپەرەسلەرنى
ئۆزىگە تارتىپ، يې چېڭغا ھەرىكەت ئېلىپ
بېرىشقا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن 200 سەر
ئالتۇن بېرىپ، يې چېڭنىڭ قوراللىق توپىلاڭ
كۆتۈرۈشىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەر-
دى㉓، لېكىن يې چېڭ ھوقۇق ۋە پايدا -
زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، دۆلەتنى
پارچىلايدىغان ۋە غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد يوق
بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقۇسى كەلمەي، چېكىنىپ
چىقىش قارارىغا كەلدى. ماكىنان بۇنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن، ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بو-
لۇپ: مۇشۇنداق توخۇ يۈرەك نەرسىمۇ جاڭ-
جۈن بولىدىكەن تېخى㉔ دەپ تىللاپ كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن دەرھال يىغىن ئېچىپ جەنۇبىي
شىنجاڭغا چېكىنىپ، ئاخىرقى قېتىم تاقابىل
تۇرۇشنى قارار قىلدى.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىنجاڭدىكى
ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتتىكى تىنچلىقنى تەشەب-
بۇس قىلغۇچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى،
ماكىنان ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ مۇش كۆتۈرۈشكە
يېتىنالمايۋاتقانلىقىنى ھەم پارچىلىنىپ ئۆز
ئۆزلىرىغا كىرىپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆر-
دى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا
يىغىن چاقىرىپ، ئۇسمانغا ئۇقتۇرۇش قىل-
لىپ، قارىمىقىدىكى ئاتلىق قىسمىنى يىغىپ،
تاۋۇز چاغىنى كېچىسى ئۈرۈمچىگە تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ، تاۋ سىيۈ باشچىلىقىدىكى قوز-
غىلاڭچىلارنى بىراقلا يوقىتىپ، قالايمىقان ۋە-
زىيەت پەيدا قىلىشنى، ئاندىن ئۇسماننىڭ ئوت-
تۇرىغا چىقىپ ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇپ، سىيا-
سىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا قۇمۇلدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈ-
رۈشنى، يولۋاسنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ، شۇ جاي-
دا تۇرۇشلۇق قىسمىنى كۈشكۈرتۈپ شۇ جاي-
دىكى مەركىزىي بانكىنىڭ ئامبىرىنى بۇلاپ،
شەھەرگە ئوت قويۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ
شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشنى،
مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا
بېرىپ، يەكەن، خوتەندە قوراللىق توپىلاڭ
كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى㉕. ئەمما بۇ چاغدا
ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا يېقىنلاپ قالغان
بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ھەر-
قايسى گۇرۇھلارنىڭ ياخشى كۈنلىرى كەلمەس-
كە كەتكەنىدى. تاۋ سىيۈ ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ
توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى تىزگىنلەپلا
قالماي، يەنە ماجېڭشياڭنى شىنجاڭنى تاشلاپ
چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە كۆندۈردى، يې
چېڭ، لو شۇرېنلارمۇ ئامالسىز چېكىندى،
مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسالارمۇ بىر قى-
سىم يېقىنلىرىنى باشلاپ پاكىستانغا چىقىپ
كەتتى. ماكىناننىڭ سۇيىقەستى يەنە بىر قې-
تىم بىتچىت بولدى.

9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى ئارمى-

يە بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئارقا - ئارقىدىن تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى شىنجاڭدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمەي، ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئوسماننىڭ ئۇستىگە يۈكلىدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماكىنان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، باركۆل تاغلىق رايونىغا مەخپىي سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئوسماننىڭ قىسمىغا ئالتۇن - كۈمۈش، قورال - ياراغ، ئوق - دورا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق زور مىقداردا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى ھەم ھەرقايسى جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش توغرىسىدا سۇيىقەست پىلانلىدى㉖ ھەم ئۆز قولى بىلەن ئاق ئورۇس قىسمىلىرىدىن يۈز نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلىدى㉗. ماكىنان ئاخىرقى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شىزاڭ ۋە ھىندىستان ئارقىلىق ئامېرىكىغا قايتماقچى بولدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئامېرىكاپەرەسلەر پەيدا قىلغان توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش، مۇستەقىللىقنى مەخپىي پىلانلاش، ئاخبارات توپلاش، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى㉘.

ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى 1943 - يىل 4 - ئايدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1949 - يىل 9 - ئايدا ماكىنان شىنجاڭدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئالتە يىل بەش ئاي ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندى. ئامېرىكا كونسۇلخانىسى - ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ۋاكالەتخانىسى. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگوغا پائال ياردەم بەردى، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن خەلقئارا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى سىياسىتى ۋە جياڭ جيېشىغا ياردەم بېرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۇڭگان مىلىتارىستلار، شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلار، شىزاڭنىڭ گاشا ھۆكۈمىتىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، ئەمەلگە ئاشمىغان بىرمۇنچە خاتىرىلەرنى قالدۇردى. يىرىم ئەسىردىن بۇرۇنقى ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاشۇ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك ۋەھىيىنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.


ئىزاھات:

②①③ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى. كونسۇلخانا» بىرىنچى قىسىم [M]

④⑤⑥⑦⑧⑨ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل.

⑩⑰⑲㉑ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑪ سوڭ شىلىيەن: «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە جەريانى» [M] ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 3- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل

⑫ جىن جاۋگۇاڭ: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» [M] ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئىككىنچى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل

⑬ لۈ چى: «ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى» [M] ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئىككىنچى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل

⑭⑮⑱⑳㉒㉓㉔㉕㉖㉗ ㉘ لى گۇاڭچىڭ: «چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى» ، «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» [M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل

⑯ خەن لىن: «ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا بۆسۈپ كىرىش» ، شىنجاڭ ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار ھەرىكىتى تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن گۇاڭدۇڭ گاۋمىڭ ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «يىلنامە تەزكىرىسى» [M] دىن نەقىل ئېلىندى، گۇاڭدۇڭ نەنخەي مەتبەئە شىركىتى 1988 - يىلى نەشر قىلغان، 92 - بەت.

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) نىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: پولات ھىمىت

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلار ۋە بالاساغۇن

غەيرەتجان ئوسمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ توغرىسىدا پەقەت ئۇنىڭ «بالاساغۇنلۇق» يەنى «ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى ‹قۇزئوردۇ›، ئېلى» (ب مۇقەددىمە، 57 ـ بېيىت) دە ئىكەنلىكى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان.

بىز بالاساغۇن (قۇزئوردۇ) نىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتى بولۇش بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشىنى يورۇتۇپ باقايلى.

«بالاساغۇن»، «قۇزئوردۇ» ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «قۇز ـ تەسكەي، قۇزتاغ — تەسكەي تاغ، كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ئاپتاپ تېگمىدىغان تاغ، ئۇ كۈننىڭ سول تەرىپىدە قالىدۇ، ئۇنىڭدا ھەمىشە قار ئۆكسۈمەيدۇ ۋە سوغۇق بولىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قوزدا قار ئەكسۈمەس، قويدا ياغ ئەكسۈمەس — تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس، قويدا ياغ ئۆكسۈمەس» ①.

«ئوردۇ — ئوردا، خان شەھىرى، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ خاقانلار تۇرىدىغان كاشغەر شەھىرى (ئوردۇ كەنت، دېيىلىدۇ» ②.

«ئوردۇ — بالاساغۇنغا يېقىن شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ ‹قۇزئوردۇ› دېيىلىدۇ» ③.

«ئۇلۇش — يېزا، قىشلاق، چىگىلچە. بالاساغۇن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا ‹ئۇلۇش› شەھەر دېمەكتۇر. شۇڭا بالاساغۇن شەھىرى ‹قۇزئۇلۇش› مۇ دېيىلىدۇ» ④.

رۇسىيىلىك شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ئىسلام قامۇسى. بالاساغۇن» دېگەن ماقالىسىدا «1218 ـ يىلى بالاساغۇن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا چىڭگىزخان سەركەردىسى جەبە نوياننىڭ قولىغا ئۆتتى، موڭغۇللار ئۇنى ‹غۇبالىق› دەپ ئۆزگەرتتى» دەپ ئېلىنغان بايانغا ئاساسەن، بالاساغۇننىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «غۇبالىق» نامىدىمۇ ئاتالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇيەردىكى «غۇبالىق» (گۇبالىق) ئاتالغۇسىنى بارتولد ئېھتىمال مىرخاند (1433 ـ 1498) «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ توم 22 ـ بېتىدە موڭغۇللارنىڭ بالاساغۇننى «گۈزەل شەھەر» مەنىسىدە «گۇبالىق» دەپ ئاتىغانلىقىنى يازغان. ئوبۇلغازى «شەجەرەئى تۈرك» تە بالاساغۇن شەھىرىنى موڭغۇللارنىڭ «غۇبالىق» دەيدىغانلىقىنى، غۇنىڭ مەنىسىنىڭ ياخشى، بالىقنىڭ مەنىسىنىڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى يەنى ياخشى شەھەر دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان⑤.

بالاساغۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى توغ-

رىسىدا تارىختىن بۇيان ئوخشىمىغان قاراشلار بولغان. بۇنىڭ بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بۇ شەھەر تاشلىنىپ قالغان بولۇپ⑥ ئۇنى بىلىدىغان كىشىلەر قالمىغان. ھازىرغىچە بالاساغۇننىڭ ئورنى توغرىلىق مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، بالاساغۇن چۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ قىرغىزىستان تەۋەسى بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بۇرانا (توقماق) خارابىسىدە ⑦؛ يەنە بىر خىلى، بۈگۈنكى قەشقەرگە يېقىن ئاتۇش تەۋەسىدە ⑧ دەپ قاراش.

مەن كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق شۇنداق چۈشەنچىگە كەلدىمكى، بالاساغۇن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا چۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ قىرغىزىستان تەۋەسى بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بۇرانە خارابىسىدە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

ئۇنداق بولسا بالاساغۇننىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن زادى نېمە ئالاقىسى بار؟ مەن بۇ مەسىلە ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچىدىن، بالاساغۇن ۋە قۇزئوردۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلاردۇر. ئىلگىرى بەزى ئالىملار «بالاساغۇن» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئىزدەپ كۆرگەن بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇنى بۇ شەھەرنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ تىلىدىن ئىزدىگەندە قايىل قىلارلىق يەكۇنگە ئېرىشكەن. «بالاساغۇن» شەھىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۇەن يىللىرى (مىلادىيە 785 ـ 804 - يىللار) دىكى باش ۋەزىر گۇدەننىڭ خاتىرىلىرى ئاساسىدا پۈتۈلگەن «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە «裴罗将军城» شەكلىدە يېزىلغان. بۈگۈنكى تۈت خەت بويلاساغۇن دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ، بۇ «بويلا» (裴罗) ۋە «ساغۇن» (将军)

دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان. بۇ سۆزلەردىكى «بويلا - بۇيلا» «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە ئەمەل نامى دېيىلگەن ⑨. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بوي — (قەۋم، خەلق) نى باشلىغۇچى، خەلق رەھبىرى دەپ قارىغان ⑩. تۈركولوگ تومسون «تۈركىي تىل لۇغىتى» دە «بويلا» نى: يۇقىرى مەرتىۋىلىك رەسمىي ئۇنۋانلاردىن بىرى، قاغاندىن قالسا 2 - ئورۇننى تۇتىدىغان مەنسەپ بولۇپ، ئىلگىرى هۇن ۋە تۈركلەردە قوللىنىلغان. بۇ مەنسەپ دەسلەپتە ئاغى - تاغى بولغان (ئىسيان كۆتۈرگەن) قەۋملەرنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، «قەۋمنى يولغا باشلىغۇچى، توغرا يولغا سالغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان.

«ساغۇن» سۆزىگە كەلسەك، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىدە (ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سول يابغۇسى) قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، تۈرك تېۋپىلىرى ئاتاساغۇن دېيىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان.

«ساغۇن» ئاتالغۇسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار. بىرى، (ساغۇن» خەنزۇ تىلىدىكى (将军) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. يەنە بىر خىلى، «ساغۇن» سۆزىدىن «将军» سۆزى كېلىپ چىققان⑪.

بويلا سۆزى يەنە تۈرك مەڭگۇ تاشلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزىنىڭ 6 - قۇرى بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزىنىڭ 16 - قۇرىدا «تونيۇقۇق بويلا باغا تارقان» ، «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» 4 - قۇرىدا «ئانتابويلا» ، «سۇجى مەڭگۇ تېشى» نىڭ 2 - قۇرىدا «بويلا قۇتلۇق تارقان» دەپ قوللىنىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى خانى
«قۇتلۇق بويلا» نامىدا ئاتالغان. تۇرپاندىن
تېپىلغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنـ
ـسۇپ ھۆججەتلەردىمۇ «بويلا» سۆزى كۆپ
ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: گېرمانىيىلىك
مۇللېرنىڭ «تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 2 ـ
تومىغا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە ھۆججەتتە
«ئىل ئۆگەسى ئوتۇر بويلا تارقان» (elōgāsi
ōtr buyla tarɣαn) ، «تاپمىش بويلا تارقان»
(tapmiş buylatarɣαn) ، «ئاشپادا (ئاشپارا)
بويلا» (Aşpada, aşparabuyla) ، «ئوتۇر بويـ
ـلا تارقان» (oturbuylatarɣan) دەپ كەلگەن.
خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ ئاتابويلا (阿多裴罗)
، قۇتلۇق بويلا (骨力裴罗) ، بويلاچور (
裴罗揣) ، بويلا تارقان دېگەن شەكىللەردە
ئۇچرايدۇ. بەزى ئالىملار «بويلا» ئاتالغۇسى
دەسلەپ سۇلى (قەشقەر) دە ياشىغان يەرلىك
قەۋمتىلىدا قوللىنىلغان دەپ قاراپ، بۇنىڭغا
سۇلى خانلىقىنىڭ خان جەمەتى 6 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدىن كېيىن «裴» (pei) سۆزىنى فاـ
ـمىلە قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى، يەنى سۇلىلىق
ئەدىب ۋە سەنئەتكارلاردىن پېي خۇيلىن (裴琳
慧، 737 ـ، 820 ـ يىللار)، پېي شىڭفۇ
(裴兴符)، پېي شىڭنۇ (裴兴奴)، پېي
شەنسەي (裴善才) قاتارلىقلارنىڭ ئىسىمىدىـ
ـكى «裴» خېتى «بويلا» دېگەن سۆزنىڭ خەنـ
ـزۇچە قىسقارتىپ يېزىلىشى دەپ قارىغان [12]
.

بۇ يەردە ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىك
بىر قانچە نۇقتا بار. بىرىنچى، ئۇرقۇن ۋادىـ
ـسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا قوللىـ
ـنىلغان «بويلا» سۆزى خەنزۇچە يېزىلغاندا (
裴罗) خېتىنى تاللىغان. بۇ سۇلى جەمەتىگە
قارىتىپ ئىشلەتكەن (裴) خېتى بىلەن ئوخـ
ـشاش. پەقەت (罗) خېتىلا قىسقارتىلغان.
بۇ ئىككىلا خەنزۇچە خەتنىڭ «بويلا» سۆزىـ
ـنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن سۆز بىلەن ئىپادە
قىلىنىشى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، سۇلى خانلىقىدا «裴»
(بويلا) سۆزىنى فامىلە قىلغان زاماندا، بۇ
ئەلنىڭ تىلى تۈركىي (ياكى ئۇيغۇر) تىلى
بولمىسا، قانداقسىگە ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ
ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىر سۆزى سۇلى خانلىقىـ
ـدىكى غەيرىي ئۇيغۇر تىللىق قوۋم تىلىدا قولـ
ـلىنىلسۇن؟. «裴» خېتى بىلەن «裴罗»
خېتىنى بويلا دېگەن سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىـ
ـلىك شەكلىدە يېزىلىشى دېيىشكە ئاساس توـ
ـلۇق ئەمەس دېگەن سۇئاللار كېلىپ چىقىشى
مۇمكىن.

شۇنىسى ئېنىقكى، سۇي، تاڭ سۇلالىلىـ
ـرىدىن ئىلگىرى ۋە شۇ دەۋرلەردە سۇلى خاذـ
ـلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر
نەسىللىك ئەمەس ئىدى، يەنى غەيرىي ئۇيغۇر
تىلى ئاساس قىلىناتتى. بەزى ئالىملار ئەينى
چاغدىكى سۇلى قوۋمنى ئارىئان ئېرىقىغا مەنـ
ـسۇپ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ
شەرقىي ئارىيان تىلى تارمىقى ساك تىلىنىڭ
سۇلى تىلى دىئالېكتىدا سۆزلىشەتتى [13]،
دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى مەن قوللىمىساممۇ
ئەمما قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھاـ
ـزىرقى زامان ئۇيغۇر تىللىرىدا ئارىئان تىللىـ
ـرىغا خاس ياكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياـ
ـنىڭ قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ تىللىرىغا
خاس سۆز ـ ئاتالغۇلار خېلى سالماقنى ئىگىـ
ـلەيدۇ.

ساغۇن سۆزى قەدىمدىن ئۇيغۇرلارنىڭ
تىل ئىستېمالىدا كۆپ قوللىنىلغان. «سۇڭـ
ـنامە» نىڭ 490 ـ جىلد، 8 ـ بېتىدە بەگ
ساغۇن (梦索温) ناملىق بىر قوچۇ ئەمەلداـ
ـرى تىلغا ئېلىنغان. شەرقشۇناس پېللىئوت
دۇنخۇاڭدىن تېپىپ «3046» نومۇر قويغان
بىر پارچە ئۇيغۇرچە تېكىستتە «قۇت ساغۇن»

دېگەن ئاتالغۇنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان. پىللا-
ئوت بۇنى 1008 - يىلىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر
ۋەزىرىنىڭ ئىسمى دەپ شەرھلىگەن. «سۆڭ-
نامە . ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە مىلادىيە 1009
- يىلى «بۇ ئەلدىكى قاراخان پادىشاھ ئۇيغۇرلا
(بويلا) ساغۇن ( 回鹘罗斯温 ) قاتارلىقلار-
نى سوۋغات بېرىشكە ئەۋەتتى» دەپ يېزىلغان
بولسا، يەنە شۇ كىتابتا 1063 - يىلىدىكى
ئۇدۇن ئەلچىسىنىڭ ئىسمى «لا (بويلا) سا-
غۇن» ( 罗撒温 )، 1072 - ۋە 1077 -
يىلىدىكى ئەلچىنىڭ ئىسمى «لا (بويلا) ئار-
سىلان ساغۇن ( 罗阿斯难撒温 )»، «ئۇ-
دۇن ئېلىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى ئارۇن دىن
ساغۇن» ( 于阗国大首领,阿令颠额温 )
، گەنجۇ (شاجۇ، قۇچۇ ۋە كۇسەنلەرمۇ بار)
ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دائىم كۆرۈلىدىغان
«سوغۇن ۋەزىر» ( 娑温宰相 )، «سۇڭ سۇ-
لالىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىلىرى» دا «بوۋىن» (
婆温 ) دېيىلگەن (بۇ يەردە «سۆڭنامە» دىكى
خاتىرىلەر ئاساس قىلىندى) . «سوغۇن ۋەزىر
كىچۈل يو» ( 左温宰相何居禄越 )، «ۋە-
زىر سوغۇن سوگۇ» ( 宰相索温守贵 )،
«ۋەزىر سوغۇن ئى» ( 宰相撒温化 )، «قو-
چۇ ئېلى. . . تۇتۇق مەي سوغۇن» ( 高昌
国...都督麦索温等 )، «كۇسەن ئېلى. .
. ۋۇسوغۇن» ( 龟兹国...吴索温等 )،
«شاجۇ پۇگۇ دۇلى سوغۇن» ( 沙州符骨...
婆温等 ) قاتارلىقلاردىكى « 婆温 » [So—
Uən]، « 左温 » [tso—uən]، « 索温 »
[So — uən]، « 撒温 » [Sa — uən]
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ. . .
[Sangŭn] دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز
قىلىنىشى ⑬. بۇنى ئالىملار ئۇيغۇر تىلى
سىستېمىسىدىكى ئورتاق قوللىنىدىغان «ۋە-
زىر» نامىدىن بىرى دەپ قارىغان (خامىلتون
سۆزى) ⑭. «لوسوغۇن» ( 罗斯 ) دىكى
«لو» ( 罗 ) بولسا « 裴罗 » (بويلا) نىڭ
قىسقارتىلمىسى بولسا كېرەك. يەنى « 罗 » «
裴罗 » دىكى « 罗 » بىلەن بىر خەت بولۇپ
«سۆڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «ئۇدۇندىكى قا-
راخان. پادىشاھ ئۇيغۇر بويلا ساغۇن قاتارلىق-
لارنى سوۋغات بېرىشكە ئەۋەتتى» ( 于＜其国
阗＞黑韩王遣回鹘罗斯温等以方横 * )
دېگەن تارىخىي خاتىرىلەرگە بۇ توغرىلىق ئې-
نىق خاتىرىلەنگەن. دېمەك «بويلاساغۇن» دې-
گەن بۇ نام قاراخانىيلار دەۋرىدە ئومۇمىيۈزلۈك
قوللىنىلغان. قاراخانىيلارنىڭ خوتەن رايونى-
دىكى ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا بۇ نامنىڭ قول-
لىنىلغانلىقى بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ئىس-
پاتلايدۇ.

بالاساغۇن ئۇيغۇرلار قۇرغان شەھەر، قا-
راخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا بالاساغۇننىڭ
ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىدى.

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئەسلى ئورنى توغ-
رىسىدا تارىختا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق.
توغلا ۋە ئۇرقۇن ۋادىسىنى مەركىزى ئۆلكە
قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن
«بالاساغۇن» دېگەن شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيا تا-
رىخ سەھنىسىدە ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان.
بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرى-
لىق پىرسىيىلىك تارىخچى جۇۋەينى (1226
- 1286) «تارىخىي جاھان گۇشاي» (جاھاننى
بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى) ناملىق كىتابىدا
مۇنداق يازغان: «بۆگۈخان تۈركىستان چېگ-
رىسىغا بارغاندا ئوت - سۇلىرى ئەلۋەك، ئىن-
تايىن گۈزەل بىر تۈزلەڭلىكنى كۆرگەن. ئۇ
شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ بالاساغۇن شەھىرىنى
بىنا قىلغان. ھازىر بۇ شەھەر «قۇزبالىق»
دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۆگۈخان
تۆت ئەتراپقا قوشۇن ماڭدۇرۇپتۇ. 12 يىل
ئىچىدە ئۇلار كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ قارشىلاش-
قۇچى ۋە بويسۇنمىغانلاردىن بىرەر كىشىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدۇرماپتۇ. . . بۆگۈخان سەپىرىدىكى بار-
لىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپتۇ. «قۇز-
بالىقتىن» قايتىشنى نىيەت قىلىپ ئاخىرى
ئەسلى ماكانىغا قايتىپ كېلىپ جايلىشىپتۇ⑮

بۇ خىل مەزمۇندىكى خاتىرە يەنە ئەرەب
تارىخچىسى ئىبنۇل ئەسىر (1160 ـ 1233)
نىڭ «تارىخى كامىل» دېگەن كىتابىدىمۇ تىلغا
ئېلىنغان.

بۇ خاتىرە بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىنا قى-
لىنىشىغا ئائىت يېگانە خاتىرە بولۇپ، بالاسا-
غۇننىڭ تارىخىي ئورنىنى بەلگىلەشتە ھەل
قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما بىز بۇ يەردە
تىلغا ئېلىنۋاتقان بۆگۈخان دېگەن خاقاننىڭ
قايسى ئۇيغۇر خاقانى ئىكەنلىكى توغرىسىدا
ئېنىق مەلۇمات يوق. تارىختا بىرقانچە ئەۋلاد
ئۇيغۇر خاقانى بۆگۈخان دەپ ئاتالغان. ئالىم-
لار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى-
دىكى خاتىرە ۋە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەر-
دىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئورقۇن ئۇيغۇر خان-
لىقىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد خاقانى بايانچۇر (مويۇن-
چۇر قارا قاغان مىلادىيە 747 ـ 759 ـ يىللى-
رى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان) نى بالاسا-
غۇن شەھىرىنىڭ بىنا قىلغۇچىسى دەپ قارى-
ماقتا⑯. بايانچۇر خاقانى مىلادىيە 747 ـ
يىلى ئون ئوقلار يېرىگە كەتكەن قارلۇقلارنى
تارمار قىلىپ، «ھۆكۈمرانلىقنى يەنسەي ۋادى-
لىرىدىن چۇ، تالاس ھاۋزىسى، مەركىزىي ئا-
سىيا ۋە كىرولانغا قەدەر كېڭەيتكەن⑰، يەنى
بايانچۇر ئەينى چاغدا «كەڭ كۆلەمدە غەربكە
يۈرۈش قىلىپ، قارلۇق ۋە ئون ئوقلارنى بوي-
سۇندۇرۇپ، غەربتە تاكى ماۋارە ئۇننەھرگە-
چە بېرىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىل-
دۇرغان»⑱.

ئەمدى بىز بۆكۈخاننىڭ ئۇيغۇر خاقانى
ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىقلىما بېرىپ ئۆتەي-
لى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى
(1736 ـ 1796) دا يېزىلغان «پادىشاھلىق
زېمىن غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسى-
راتى» دېگەن كىتابتا «بويلا ساغۇن شەھىرى-
نىڭ قۇرغۇچىسى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىق-
قان كۆل بويلا بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا سۇ-
ياپ دەرياسى ۋادىسىدا شەھەر بىنا قىلدۇرغاچ-
قا، قەدىمدە بۇ شەھەر بويلا ساغۇن شەھىرى
دېيىلىدۇ» دېگەن پاكىتلىق ھۆججەت بار.

بالاساغۇن بىنا قىلىنغاندىن تارتىپ تا قە-
تان خانلىقى زامانىسىغىچە بولغان ئۇزۇن
جەريان ئىچىدە ئۇنىڭ ۋە ئۇ مەركەز قىلىنغان
رايونلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئىچىدە ئۇيغۇر
قەبىلىلىرى يېتەكچىلىك رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار ئېلىمىز جۇڭگونىڭ تارىخ
سەھنىسىگە چىققاندىن باشلاپ مىڭ نەچچە يىل-
لىق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ،
ئەجدادلىرىدىن دىڭلىڭلار (丁零)، ئېگىز
ھارۋىلىقلار (高车,敕勒)، تېلىلار (铁勒
) دىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 2000 يىللىق
تارىخقا ئىگە⑲.

دېمەك بالاساغۇن (بويلا + ساغۇن ـ سا-
غان)، قۇزئوردۇ (قۇز + ئوردا)، قۇزبالىق
(قۇز + بالىق)، قوزئۇلۇش (قۇز ـ ئۇلۇش
+ ئۇلۇش + ئۇلۇس) دېگەن سۆزلەردىن قە-
دىمدىنلا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنولوگى-
يىلىك ئادەتلىرىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدىغان
ئومۇمىي ھادىسە.

«بويلا» ياكى «ساغۇن» ئاتالغۇلىرى قە-
دىمكى تۈركلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلار جۇملى-
دىن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر
خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقىدىن تارتىپ يې-
قىنقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىللىرىغىچە
ئىزچىل ۋە كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئىزاھات:

④③②① مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، 1 - توم 426 -، 168 -، 85 - بەتلەر) .

⑤ «مىراس» (1999 - يىل نەشرى، 2 - سان، 44 - بەت) .

⑥ «بالاساغۇن» (تۈركچە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 2 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن) .

⑦ يۇنۇسجان ئېلى «بالاساغۇن توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 1992 - يىل نەشرى، 1 - سان) ، قاسىم ئارىش «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 - يىل، 1 - سان)

⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىل 4 - سان) .

⑨ ئا. ئەھەت، د. مەمتىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 100 - بەت.

⑩ ئىمىن تۇرسۇن «يەنە بىرقانچە يەر نامى توغرىسىدا» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1998 - يىل 3 - سان، 54 - بەت) .

⑪ ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (تەيۋەن جىڭ جۇڭ نەشرىياتى 1975 - يىلى نەشرى، 159 - بەت.

⑫ قاسىم ئارىش «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 - يىل 1 - سان، 54 - بەت) .

⑬ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» .

⑭ لىن مېيسۇن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» (شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ 1995 - يىل نەشرى، 420 - بەت) .

⑮ جۇ ۋەينى «تارىخىي جاھان گۈشاي» ، خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 65 - بەت.

⑯ يۇنۇسجان ئېلى «بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» .

⑰ ئىبراھىم كافەس ئوغلى «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى» 1983 - يىل تۈركچە نەشرى (تۈركىيە) 124 - بەت.

⑱ يۇنۇسجان ئېلى «بالاساغۇن شەھىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» .

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# موڭغۇللار دەۋرىدىكى پولات شەھىرى

ئەركىن ئەرشىدىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى
ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بە-
لەن قەدىمكى يىپەك يولىدا قايتىدىن جانلى-
نىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. خۇددى
جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇناسىۋەت تارىخى مۇتە-
خەسسىسى شياڭدا ئەپەندى كۆرسەتكەندەك
«موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈ-
رۈشلىرى ئىلگىرى توسۇلۇپ قېلىپ، ئېچىل-
مىغان يوللارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ، مىل-
لەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشلىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، ئۇلارنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش
پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. بىر جۈملە سۆزگە
يىغىنچاقلىغاندا، غەرب - شەرق مەدەنىيىتى
دەل مۇشۇ مەزگىللەردە كەڭتاشا ئۇچرىشىش
پۇرسىتىگە ئېرىشتى①. بۇ مەزگىللەردىكى
شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قۇرۇقلۇق يولى-
دا، يەنى «يىپەك يولى» دا ھۆكۈمەت ئەلچىلى-
رى، سەيياھلار، دىن تارقاتقۇچىلار، سودى-
گەرلەر خۇددى بۆزچىنىڭ موكىسىدەك قاتناپ
تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق ئاۋات مەنزىرىلەر بى-
لەن تولغان بۈيۈك كارۋان يولىنىڭ غەربىي
دىيار بۆلىكى توغرىسىدا جۇڭگولۇق ۋە غەرب-
لىك ئەلچى سەيياھلار سەپەر جەريانىدا غەربىي
دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا سايا-
ھەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، كېيىنكى-
لەرنىڭ غەرب - شەرق قاتناش تارىخىنى تەتقىق
قىلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونلى-
رىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرى ھەمدە
موڭغۇللارنىڭ بۇ رايونلاردىكى پائالىيەتلىرى
توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تە-
مىنلەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن شىن-
جاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قىسىم مەش-
ھۇر تارىخىي شەھەرلەر، يەر - جاي، ئۆتەڭ-
لەرنىڭ ناملىرىنى ئۇچرىتىمىز. يەنە بەزى
جايلىرىدا «پولات» شەھىرى دېپەندەك ئىلگىرى
نامى ئانچە مەلۇم بولمىغان شەھەر ناملىرىنىمۇ
ئۇچرىتىمىز.

«پولات» شەھىرى توغرىسىدا «يۈەن سۇ-
لالىسى تارىخى. غەربىي شىمال يەر ناملىرى-
نىڭ قوشۇمچىسى» دا «勃 罗»②، «不 喇
»③ دېگەندەك خەنزۇچە ئاتالغۇلار بار، پارس-
چە تارىخىي بايانلاردىمۇ مەزكۇر شەھەرنىڭ نا-
مى «پولات» دەپ خاتىرىلەنگەن. 13 - ئەسىر-
دىكى كىچىك ئەرمىنىيە پادىشاھى «ختۇمنىڭ
ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمى-
دىمۇ مەزكۇر شەھەرنىڭ نامى خېلى كۆپ ئو-
رۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ④. ئۇنىڭدىن سىرت
يەنە مەشھۇر سەييياھ ياللۇغ چۇسەي موڭغۇل
قوشۇنلىرى غەربكە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە
قوشۇن بىلەن بىرگە پولات شەھىرىدىن ئۆتكەن
بولغاچقا، ئۇنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»
دىكى بايانلىرىنى تەتقىقاتچىلار بىر قەدەر ئە-

شەنچلىك دەپ قاراۋاتىدۇ، «چۆللۈكتىكى
ئوردىنىڭ مىڭ چاقىرىم نېرىسىدا پولات دېگەن
بىر شەھەر بار، شەھەر ئەتراپىدا ئۈچتىن بەش ـ
كىچە قەلئە بار، پولات شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا
تەڭرىتاغ بار بولۇپ، شەرقتىن غەربكە مىڭ
چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا 200 چاقىرىم
كېلىدۇ، تاغ چوققىسىدا بىر يۇملاق كۆل
بار، دائىرىسى 70 ـ 80 چاقىرىم كېلىدۇ،
يۇملاق كۆلدىن ئايلىنىپ جەنۇبقا قاراپ ماڭ ـ
سا، تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ، بۈك ـ باراقسان ـ
لىق ياۋا مېۋە دەرەخلىرى ۋە قارىغايلار بىلەن
قاپلانغان تەلكە داۋىنىغا چۈشىدۇ. داۋان ئى ـ
چىدىكى بەزى جايلاردا كۈن نۇرىنى كۆرگىلى
بولمايدۇ»⑤. دېمەك، بىز ياللۇغ چۇسەينىڭ
خاتىرىسىدىن پولات شەھىرىنىڭ تەڭرىتېغى ـ
نىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى يۇملاق
كۆل (سايرام كۆلى) دىن ئانچە يىراق ئەمەس ـ
لىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ھەقتە راشىدىن ـ
نىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىمۇ
ئېنىق بايانلار بار. «ئەلى بۇقانىڭ سەركەردى ـ
سى قارا بۇقا پولات شەھىرىنىڭ يېنىدىكى
سۈت كۆل ئەتراپىدا ئارغۇن بىلەن ئۇرۇش
قىلىدۇ، ئارغۇن ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشىپ
قارا بۇقانى ئۆلتۈرىدۇ. ئارغۇن ئۇنىڭ (ئەلى
بۇقانىڭ) مۇداپىئەسىنى ۋەيران قىلىپ ھەم
قارا بۇقانى ئۆلتۈرۈپ، مەغرۇرلىنىپ ھۇش ـ
يارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ ھەمدە ئىلبالىققا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئوردا سال ـ
دۇرۇپ ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ ئەيش ـ
ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ، پۇرسەتتىن پاي ـ
دىلانغان ئەلى بۇقانىڭ ھىمايىچى سەركەردى ـ
سى ئاسۇتاي تۆمۈر چاخالچا دەيدىغان تاغ تىز ـ
مىسىدىن ھالقىپ ئالمالىقنى بېسىۋېلىپ ئار ـ
غۇننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى تالان ـ
تاراج قىلىدۇ»⑥.
«جامىئۇل تەۋارىخ» تا يەنىمۇ ئىلگىرىلە ـ
گەن ھالدا پولات شەھىرىنىڭ ئورنى سايرام
كۆلىنىڭ ئەتراپىدا دەپ بېكىتىپلا قالماستىن،
بەلكى يەنە پولات شەھىرى بىلەن سايرام كۆ ـ
لى، ئالمالىق ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىنىڭ مۇنا ـ
سىۋى ئېنىقلاپ بېرىلگەن، پولات شەھىرى
كۆلگە يېقىن بولغىنى بىلەن ئۇرۇش مەيدا ـ
نىڭ ئۆزى بولمىغاچقا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ـ
دىن ئامان قالغان.

يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا پولات شەھىرى ـ
نىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا، سايرام كۆلى ـ
نىڭ يېنىدا ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغان
بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنىڭ ئېنىق ئورنى توغ ـ
رىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن، پولات شەھىرى ـ
نى كونكرېت تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە مەز ـ
كۇر شەھەرنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى
مۇرەككەپلەشتۈرىدىغان بايان بولسا، لو يۇنىڭ
«غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىكى
بىر ئابزاس باياندۇر: «غەربكە سۈرۈلسە ئې ـ
مىل شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ، يەنە غەربىي
جەنۇبقا قاراپ ماڭسا پولات شەھىرىگە بارغىلى
بولىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق بۇغداي، شال
تېرىلىدۇ، تاغلىرىدا ئارچا دەرىخى كۆپ،
سۇندۇرۇشقا بولمايدىكەن، دەرەخلەر تاش ئا ـ
راشلىرىدىن ئۈنۈپ چىقىۋېرىدىكەن، شەھەر ـ
نىڭ تۆت ئەتراپى يېزا مەھەللىلىرى بىلەن
ئورالغان بولۇپ، ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى توپا
بىلەن خاڭداپ قوپۇرۇلغانىكەن، شەھەرنىڭ
شىمالىدا دېڭىز بار ئىكەن، تۆمۈر تاغ تەرەپ ـ
تىن گۈكىرەپ چىققان شامال كۆپىنچە ھال ـ
لاردا يولدىكى ئادەملەرنى ئۇچۇرۇپ دېڭىزغا
چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، شەھەردىن غەربكە قاراپ
20 چاقىرىم ماڭسا تۆمۈر چاغالچا دېگەن ئې ـ
غىزغا كېلىدۇ، ئېغىزنى ساقلاۋاتقانلارنىڭ
ھەممىسى دېگىدەك خەنزۇلار ئىكەن، ئېغىز ـ
دىن كىرگەندىن كېيىنكى يول ناھايىتىمۇ ئې ـ
گىز ـ پەس بولۇپ بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى،

مەزكۇر جىلغىدىن چىققاندىن كېيىن ئالمالىق
شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ»⑦.
لو يۈنىڭ خاتىرىسىدە پولات شەھىرىنىڭ
ئورنى، تۆمۈر چاغالچا تاغ ئېغىزىنىڭ 20
چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا دەپ مەلۇمات بې-
رىلگەن. تۆمۈر چاغالچا تەلكە داۋىنىغا كى-
رىشتىكى تاغ ئېغىزىدۇر. ئۇنداقتا پولات شە-
ھىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى پەقەت سايرام كۆ-
لىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقى ئەتراپىدا
يەنى سەنتەي ئەتراپىدىكى مەلۇم ئورۇندا بول-
غان بولىدۇ. ئەمما پولات شەھىرىنىڭ ئورنى
توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان
جاڭ چېنجى ئەپەندى سايرام كۆلىنىڭ بويلى-
رىنى، كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويلىرىدىكى
يايلاقلارنى ۋە تەلكە ئېغىزىنىڭ شەرقىدىكى
قوش ئەمچەك تاغ جىلغىلىرىنى تەكشۈرۈپ
چىقىپ «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سايرام كۆ-
لى بويلىرى ۋە قوش ئەمچەك تاغ جىلغىسىدى-
كى رايونلاردا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ
ئىزنالىرى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئورۇن-
لاردا شەھەر بىنا قىلىش مۇمكىنچىلىكىمۇ
يوق. تەلكە داۋىنىڭ ئېغىزىدىن سەنتەيگىچە
سوزۇلغان بۇ لىنىيە ئاساسەن دېگۈدەك كۆل
ياقىلىرىدىكى تەگرى تېغىنىڭ باغرىدىكى قىي-
پاش يايلاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بوز يەر
ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ئېتىزلارنىڭ ئىز-
نالىرى ياكى قورۇلۇش ئىزنالىرىمۇ بايقالمى-
دى. قوش ئەمچەك تاغ جىلغىسىمۇ تار، ئوي-
مان - دۆڭ بولغاچقا بۇ ئورۇندىمۇ بۇنداق بىر
شەھەرنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس»⑧
دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى، يەنە دىققەت قىلىش-
قا ئەرزىيدىغان تارىخىي ماتېرىيال بولسا رۇب-
رۇكنىڭ سەپەر جەريانىدىكى پولات شەھىرى
توغرىسىدىكى خاتىرىسى بولۇپ «گېرمان قول-
لىرى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىكەن، بۇ قۇللار
توغرىلىق مەن سورتادا ۋە باتۇ خاننىڭ ئوردى-
سىدىكى ۋاقىتىمدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆپ
قېتىم سۈرۈشتە قىلغانىدىم، ئەمما بۇ گېرما-
لار توغرىلىق مەن مۆڭكەنىڭ ئوردىسىغا كې-
لىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغا-
نىدىم، ئەمما كېيىن مۆڭكەخان باتۇخاننىڭ
قوشۇلۇشى بىلەن بۇ گېرمان قۇللىرىنى تا-
لاسنىڭ شەرقىدىكى پولات دېگەن قىشلاققا كۆ-
چۈرۈپ ئەكەلگەنلىكىنى، مەزكۇر ئورۇننىڭ
تالاس بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر ئايلىق مۇسا-
پە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇلار ئۇ يەردە ئال-
تۇن كانلىرىنى قازىدىكەن ھەمدە قورال - يا-
راغ ياسايدىكەن»⑨ دەپ خاتىرىلەنگەن.
بۇ مۇھىم بايان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى پولات شەھىرىدە قورال - ياراغ ياسايدىغان
ئىشخانىلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تولۇق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاتىرىدىكى
بايانلار سايرام كۆلىگە ئانچە يىراق بولمىغان
بورتالا دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى
بورتالا قەدىمكى شەھىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى
بىلەن خېلىلا بىردەكلىككە ئىگە.
بورتالا قەدىمكى شەھىرىنىڭ نۇرغۇن
جايلىرىدا مىتال تاۋلىغان ئىزلار ۋە تۆمۈر
قۇيمىلار بايقالغان بولۇپ، 50 - يىللاردا ئاپ-
تونوم رايونلۇق مۇزېي بۇ ئورۇندا تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغان ھەمدە تۆمۈر پارچىلىرى، پىچ
ئورۇنلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا
تەپسىلىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. «مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرى» نىڭ 1960 - يىللىق
178 - سانىدىكى لى يۈچۈننىڭ «بورتالا ئوب-
لاستىتەۋەسىدىكى بالبالارنى تەكشۈرۈشتىن
قىسقىچە خاتىرە» دە «ھەممىلا يەردە داتلىشىپ
كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى بار، بۇنىڭدىن باشقا
يەنە تۆمۈر قوراللار تېپىلدى. 1958 - يىلى
ئاھالە قەدىمكى خارابىلىقتىن نۇرغۇن كېرەك-
سىز تۆمۈرلەرنى تېرىۋالغان. ھازىر يەنە بىر
ئورۇندا دۆۋىلەپ قويۇلغان، داتلىشىپ كەت-

www.uyghurkitap.com

كەن 1200 جىڭدىن ئارتۇق كېلىدىغان تۆمۈر پارچىسى بار. تۆمۈر پارچىلىرى ئادەتتە يۇمىلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئويمان ئىدى» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى بايانلارنى تەھلىل قىلىپ يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ:

1) رۇبرۇك گەرچە بىۋاسىتە پولات شەھىرىگە بارالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گېرمان قۇللىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغان، شۇڭلاشقا پولات شەھىرىدە مېتال تاۋلاش سانائىتى مەۋجۇت دېگەن تونۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تامامەن بولىدۇ.

2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ 50 ـ يىللاردىكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندىمۇ، بورتالا قەدىمكى شەھىرىدىكى تۆمۈر تاۋلاش ئىزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى خاتىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە.

3) بورتالا دەريا ۋادىسىدىكى بورتالا قەدىمكى شەھىرىدىن باشقا يەنە يىل دەۋرى 8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدىغان بىرقانچە قەدىمىي شەھەر بار بولۇپ، بۇ ياللۇغچۇسەينىڭ «ئەتراپىدا ئۇچتىن بەشكىچە شەھەر قەلئەسى بار»⑩ دېگەن خاتىرىسىگە تازا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

قىسقىسى، بۈگۈنكى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بورتالا قەدىمكى شەھىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پولات شەھىرى بولسا كېرەك.

ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 ـ يىلى، 3 ـ سان، 29 ـ بەت.
②لو يۇ ـ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».
③«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. يىنلۇشياڭ تەزكىرىسى».
④«خىتۇمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، 1981 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ بەت.
⑤ياللۇغ چۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ بەت.
⑥«جامىئۇل تەۋارىخ» 2 ـ توم، 164 ـ بەت.
⑦«جۇڭگو ـ غەرب قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 5 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1979 ـ يىلى، 158 ـ 159 ـ بەتلەر.
⑧«جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» 1987 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت.
⑨«موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» 1983 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 152 ـ 153 ـ بەتلەر.
⑩ بورتالا دەرياسى ۋادىسىدا ھازىرمۇ ئاز دېگەندە ئىككىدىن ئۈچكىچە قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار بولۇپ، يىل دەۋرى 8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوسمان قانداق تۇتۇلغان؟

قۇددۇس ئابدۇسەمەت

(ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدىن)

ئالتاي تېغىدىن تارتىپ گەنسۇنىڭ چەلەنشەن تېغىدىكى كەڭ يايلاقلارغا قەدەر بولغان جايلاردا باندىتلىق قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان ئوسمان 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ باندىتلارنى تازىلىغۇچى قىسىملىرى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلغانىدى.

ئوسمان (1899 ـ 1951) ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە كېرەي قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ساۋاتسىز چارۋىچى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئوغرىلىق قىلىپ كەلگەچكە شۇ يەرلىك چارۋىچىلار ئۇنى «ئوغرى» دەپ ئاتايتتى. ئوسمان چوڭ بولغاندىن كېيىن، خەلقنى قورقىتىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئوخشاش جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئالتاينى ئىگىلەپ، چەكسىز ھۆكۈمران ۋە ئۆز ئالدىغا خان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئۆزىگە «يايلاق پادىشاھى» دېگەن نامنى بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى مىراس قالدۇرۇپ كېتىش خام خىيالىغا چۈمگەنىدى.

1943 - يىلى يازدا ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ياردىمى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش باشلىغان.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىنقىلاب ئىلىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوسمان، دەلىلقان پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە 1945 - يىل 9 - ئايدا گومىنداڭ كۈچلىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئالتايدا ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلغاندا، ئوسمان ئالتايغا ۋالىي بولۇپ تۇرغانىدى. لېكىن ئوسمان ئىش ئورنىغا كەلمىگەن. بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىنغاندا ئالتايغا كېلىپ ئاز ۋاقىت تۇرۇپ يەنە ئۆز يۇرتىغا بېرىۋالغان. ئاخىرىدا ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىسى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورناتقان. دىنىي دەستەك قىلىۋېلىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭغا تايىنىپ ئالتاينى ئىگىلەپ، ئالتاينى ئۆزى بىلگەنچە باشقۇرۇش خام خىيالىدا بولغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوسماننى قوللاپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلدۇردى. مەسىلەن: 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئوسمان ئۇرۇمچىگە لاتىق باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ گومىنداڭدىن ياردەم سورىغاندا، گومىنداڭ تەرەپ ئۇنى دەرھال 400 دانە مىلتىق، 30 پىلىموت، بىر قىسىم ئوق - دورىلار بە-

لەن تەمىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاسلبەك ۋە قابدۇشنى ئىككى پەي پىلىموتچى ئەسكەر بىلەن، ماشىنەفۇنى 200 قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئوسمانغا ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوسمانغا ئالاقىچى، رادىيست گۇرۇپپىسى، گەزمال، چاي، شېكەر قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئەۋەتكەن.

گومىنداڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان 1947 - يىلى ئەتىيازدا ئىسيان كۆتۈردى. ئوسمان دەلىلقاننىڭ ئاتلىق پولكى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جۇڭگو - تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسى بولغان بەيتىككە قېچىپ بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا قىسىملىرى بىلەن توتۇشۇپ «بەيتىك ۋەقەسى» نى تۇغدۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت، جۇڭگو - موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىدە بولدى. شۇ مەزگىلدە ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغان ئادەملىرى قۇنانباي بىلەن قورمان گېنېرال سۇڭ شىلىيەن ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنان بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ماكىنان ۋە ئۇنىڭ تەرجىمانى مىجىتلارنى بەيتىككە باشلاپ باردى.

ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بەيتىككە قاچقاندىن كېيىنمۇ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. 1948 - يىل 8 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتايغا 800 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. بىر قىسىم قەبىلە باشلىقلىرىمۇ ئۇنى قوللىدى، دەلىلقان سۇگۇربايېف ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيىنى باشلاپ، ئالتايدىن ۋاقىتلىق چېكىنىپ، چۆچەككە كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ جىددىي تۇتۇش قىلىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر تەييارلاپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سارسۇمبىنى ئالدى، كېيىن پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى قايتۇرۇۋالدى. ئوسمان ئالتايدا سارسۇمبىنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئۇرۇپ - چېقىش ئىشلىرىنى قىلدى، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا بېرىپ جان ساقلىدى. ئوسمان گۇچۇڭدا تۇرغان مەزگىلدە ئالتايغا ئادەم ئەۋەتىپ، داۋاملىق ئىغۋاگەرچىلىك يۈرگۈزدى.

ئوسمان 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنان بىلەن جىمىسارنىڭ سارقومۇش دېگەن يېرىدە كۆرۈشۈپ، ماكىناننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جانىمقان، يولۋاسلار بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا تەييارلاندى. ماكىنان شۇ كۆرۈشۈشتە ئوسمانغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆزلەپ، كۆپ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى ھەمدە شۇ قېتىم خېلى كۆپ ئالتۇن، قورال - جابدۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى بەردى.

ئوسمان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرمىگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالداش ۋە قورقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن 20 مىڭدىن ئارتۇق قازاق ئاممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سانجى، فۇكاڭلاردا چوڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. سانجىدا 15 ئۆيلۈك پۇقرا ۋە 320 ئوقۇغۇچىنى ئۆل-

www.uyghurkitap.com كىتاب تورىمىز

تۇردى. فۇكاڭدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشمىگەنلەرگە قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ زىيانكەشلىك قىلدى. مەسىلەن: سەيپۇل (فۇكاڭلىق) باشلىق بەش ئۆيلۈك ئادەمنى ئۆلتۇردى، كېيىن يولۋاس بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردا بۇلاڭ - تالاڭ، قىرىش - چېپىش ۋە ئوت قويۇشتىن ئىبارەت باندىتلىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەقدىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى خېلى ۋاقىتلارغىچە قالايمىقان قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ 200 قېتىمدىن ئارتۇق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل چارۋا مېلىدىن ئايرىلىپ قالدى.

1950 - يىل 4 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى قارىمىقىدىكى باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرى قار - شۇېرغانلىق قەھرىتان سوغۇقتا تەڭرىتاغ ھەمدە ئادىمىزات قەدىمى يەتمىگەن چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، باندىتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قورشاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئېلىپ باردى.

ئارمىيىمىز يۇلغۇنلۇق ئېغىز، قاراتاغ ۋە بەيتىك تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدا باندىتلار بىلەن 100 قېتىمچە ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە، ئوسمان باندىتنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن 5500 ئادەمنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان باندىت مەجبۇرىي ئەگەشتۇرۇۋالغان 20 مىڭدىن ئارتۇق قازاق خەلقى ئارقىمۇ ئارقا بىزتەرەپكە ئۆتتى. 1950 - يىل 7 - ئايدا باندىتلار باشلىقىدىن جانىمقان تىرىك قولغا چۈشتى. ئوسمان ئاز كەم 2000 قالدۇق باندىتنى ئارقىسىغا سېلىپ، گەنسۇ - چىڭخەي چېگرىسىدىكى چىلەنشەن تېغىنىڭ خەيزى دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىپ دۇنخۇاڭ، يۇمېن، ئەنشى قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلدى. باندىتلار ئۆزلىرى مېڭىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ، چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى كۆرۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئۇ يەرلەرگە بارالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانغانىدى. لېكىن ئۇرۇشقا ماھىر جەڭگىۋار خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ باندىتلارنى تازىلاش قىسىملىرى خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن مەخسۇس ئاتلىق قىسىم تەشكىللەپ، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي چىلەنشەن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، خەيزى دېگەن يەردە باندىتلارنى تازىلاشقا كىرىشتى.

ئارمىيىمىز چۆل - باياۋاندا تۆت كۈن يۈرۈش نەتىجىسىدە، 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سەھەردە پاتقاق ئازگىلدا ئۇخلاۋاتقان باندىتلارنى قورشىۋالدى. ئارمىيىمىزنىڭ مەلۇم قىسىم باندىت تازىلاش ئاتلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - روتىسى خەيزى دېگەن يەرنىڭ نەنباسەن دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان ئوسمان باندىتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئارمىيىمىزنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن قورقۇپ كەتكەن باندىتلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالماي، غەربكە قاراپ قاچتى. ئارمىيىمىز تېزلىكتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. بۇ جەرياندا 3 - روتىنىڭ باشلىقى كۆك چىگرۇڭ ئاتلىق قىسىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىككى باندىتنى تىرىك تۇتۇپ، بىر تال مىلتىقنى ئولجا ئالدى. كۆك چىگرۇڭ ئەسىرگە چۈشكەن باندىتلاردىن ھەمە-

ـمە باندىتنىڭ ئالدىدا ئاق ئات مىنىپ جىند-
ـنىڭ بىرىچە قېچىپ كېتىۋاتقان باندىتنىڭ
دەل ئوسمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆپچىلىك-
كە: «ئاتلىرى ياخشىلار مېنىڭ يېنىمغا كې-
لىڭلار، ئوسماننى تىرىك تۇتىمىز، خەلق ئۇ-
چۇن خىزمەت كۆرسىتىمىز!» دېدى. بۇ ۋا-
قىتتا خەۋەرچى دۇەن سېڭماۋ، ليۇ خۇالىڭ،
جۇ جۇەنسېڭ، سۇڭ شېڭ باشلىق تۆت ئەسكەر
كۇڭ چىڭرۇڭنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىرىنى
ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئوسمان-
ـمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي داۋاملىق قاچ-
ـتى. جەڭچىلەر مۇزلۇق، سازلىقلارنى بېسىپ
ئۆتۈپ، 60چاقىرىمدەك ماڭغاندىن كېيىن،
ئوسمانغا يېتىشىۋالدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا
يالغۇز كېلىۋاتقان كۇڭ چىڭرۇڭنى كۆرگەن
ئوسمان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئىك-
كى پاي ئوق ئاتتى. كۇڭ چىڭرۇڭ ناھايىتى
چەبدەسلىك بىلەن ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ
ئۇنى تۇتۇشقا تەمشەلگەندە، ئوسمان مىلتىقى-
ـنىڭ نەيزىسى بىلەن كۇڭ چىڭرۇڭنىڭ چېكى-
ـسىگە سانچىپ ئۇنى يارىلاندۇردى. كۇڭ چىڭ-
ـرۇڭ يارىلىنىپ يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغان
بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرىپ ئوسماننىڭ مىل-
ـتىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئاتتىن يۇلۇپ
چۈشۈردى. بىراق ئوسمان جاھىللىق بىلەن
جان تالىشىپ، پىچىقىنى ئېلىپ كۇڭ چىڭ-
ـرۇڭغا تىقماقچى بولغاندا، كۇڭ چىڭرۇڭمۇ
بوش كەلمەي قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى.
دەل شۇ پەيتتە ليۇخۇالىڭ يېتىپ كېلىپ
ئوسماننىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالدى. ئەھۋالنىڭ
پايدىسىزلىقىنى پەملىگەن ئوسمان ئىلاجىسىز
قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. باندىت تازىلاش
قىسمىنىڭ 4 ـ روتىسى ئوسمان «باتۇر» دەپ
نام بەرگەن جاقابايىنىمۇ تىرىك تۇتىدۇ. 5 ـ
روتىنىڭ جەڭچىلىرى ئوتلاق ئىچىدىن ئوسمان-
ـنىڭ مەسلىھەتچىسى (شتاب كوماندىرى) قا-
پاسنى تىرىك تۇتتى. خەلق بىلەن ئاخىرىغىچە
قارشىلاشقان باندىتلار كاتتىبېشى ئوسمان ۋە
ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەرقانچە ياۋۇزلۇق ۋە
ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولىدىن قې-
چىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئوسمان 1951 ـ يىلى 5
ـ ئايدا خەلق ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانۇن
بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# خوتەننىڭ قەدىمكى يىپەك توقۇمىچىلىقى

مەمەت ئابلا

(خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى سىياسىي - تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى ۋە «خەننامە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە، شەرقتە نىيىدىن غەربتە گۇمىغىچە بولغان بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار ئۇدۇن، نىيە، رۇڭلۇ، ئۇزۇن تات، كۇرلى، گۇما قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغان. ۋېي (مىلادىيە 220 ـ 265)، جىن (مىلادىيە 265 ـ 317) سۇلالىرىدىن كېيىن، ئۇدۇن پەيدىنپەي كۈچىيىپ، يۇقىرىقى شەھەر بەگلىكلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زېمىندا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆز رايونىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتاراشلىق، مېتالچىلىق، ياغاچچىلىق قاتارلىق ھەر خىل ئىگىلىك تۈرلىرى ۋە قول - ھۈنەر سەنئىتى كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. جۈملىدىن ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىپ، مەشۇت تارتىپ، ھەر خىل رەڭدار كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇنلارنى توقۇپ شۆھرەت قازانغان.

يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرى سۈپىتى ياخشى، رەڭگى جۇلالىق، چىدامىلىق، كىيىم كىيسە كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان بولغاچقا، قەدىمكى دەۋردە باھاسى قىممەت، بازىرى ئىتتىك مال بولغان. شۇڭا «يىپەك ئېلى» ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى توغرىسىدا قەدىمدە ئۆتكەن تارىخشۇناس، سەيياھلار كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. يىپەكچىلىك ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان ئەسەر ھېرودوت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 485 - يىلدىن 425 - يىلغىچە) نىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر» بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگۈچى تۇنجى خەنزۇچە مەنبە بولۇپ، بۇ ئەسەردە: «پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان يەرلەردە يىپەك، سىر يوق ئىدى» ① دېيىلگەن. «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىرات» دېگەن كىتابنىڭ 2 - جىلدىدا: «شىنجاڭدىكى خوتەن ئۇيغۇرلىرى پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش ۋە شايى توقۇشنى بىلىدۇ» دېگەن. «غەربىي رايون توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 2 - جىلدىدا: «خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭدىن توقۇلغان شايى، ئەتلەس، چۆچۈنچىلەر ئىنتايىن پىششىق، پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ» دېيىلگەن. سۇڭ مۇننىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابىدا: «ئۇيغۇرلار يىپەك چىقىرىدۇ، مەشۇت يىپ تارتىدۇ، رەڭدار يىپەك كىيىم كىيىدۇ، يەنە كالاۋۇتۇن ئىشلەشكىمۇ ماھىر، خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ كالاۋۇتۇن بىلەن كىمخاپ توقۇش سەنئىتىنى ئىجاد قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان ۋە ئەتراپتىكى جايلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن» ② دېيىلگەن. يۇقىرىقىلار «يىپەك ئېلى» ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى توغرىسىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېرودوت، كتېسىياس، سترابو، پتولېمىي قاتارلىق يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يىپەك ئېلى» نى



ئېلىمىز ئالىمى چيەن بوچۆەن: «هازىرقى شىنجاڭ، جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا خوتەن، يەكەننى كۆرسىتىدىغانلىقى»③ نى مۇئەييەنلەشتۈردى. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى «يىپەك، سىر يوق» لۇقى ھەققىدىكى مەلۇمات پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، پامىرنىڭ شەرقى، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، «غەربىي رايون توغرىسىدا خاتىرىلەر» قاتارلىق ئۈچ ئەسەردە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ پىلە بېقىش، مەشۇت تارتىش، شايى، ئەتلەس، كىمخاپ توقۇش ھۈنەر - سەنئىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان يىپەك توقۇمىچىلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تېپىلغان يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ كۆپلۈكى، يىل دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەمەلىي پاكىتقا ئېرىشتى.

1959 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت بىر جۈپ ئەر - ئايال دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن «رەڭدار كىمخاپ تون، ھەر خىل گۈل چۈشۈرۈلگەن چىرايلىق كەشتە بۇيۇملار، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت پاختا توقۇلمىلىرى ۋە بۇددا سەنئىتى بۇيۇملىرى تېپىلغان»④.

1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە شۇ نىيە خارابىسىدىن «پىلە غوزىسى، مەشۇت، يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار، توقۇمىچىلىق سايمانلىرى تېپىلغان بولۇپ، پىلە غوزىسى يەرلىك مەھسۇلات دەپ بېكىتىلگەن⑤. 1959 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارادۆڭ خارابىسىدىن «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت يىپەك توقۇلما بۇيۇم، قىزىل تەگلىك، ئاق گۈللۈك شايى تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئۇدۇننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى دەپ قارالغان»⑥. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە 1984 - يىل 1 - ئاي ۋە 11 - ، 12 - ئايلاردا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەجداتلىرىمىزنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش دەۋرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ قېتىم سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا جەمئىي 52 قەبرە قېزىلغان بولۇپ، 1000 پارچىغا يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىقى تېپىلغان. ئاخىرەتلىكبۇيۇملار ئىچىدە «يىپەك توقۇلمىلاردىن كىمخاپ، قوش ئەتلەك (ئىككى يۈزى ئوخشاش) كىمخاپ، مەشۇت (جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە، بېشىغا يۆگەلگەن)، شايىدىن تىكىلگەن يازلىق كىيىم - كېچەكلەر تېپىلغان. مىس كۆزگۈ، تارغاق، دورا - دەرمەكلەر كىمخاپتىن تىكىلگەن خالتا ئىچىگە سېلىنغان»⑦ بولۇپ، بۇ بۇيۇملار تېپىلغان «M02 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى 65 +- 2290 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلدى»⑧. خوتەن ئارخېئولوگىيىسىدە تېپىلغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق مەدەنىيىتى جۇملىدىن يىپەك توقۇمىچىلىق سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان ماددىي بۇيۇملار كۆپ بولۇپ، بۇلار قەدىمكى دەۋردە تەرەققىي قىلغان يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

خوتەندە قەدىمكى دەۋردە يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇمىچىلىقى بىر - بىرىگە ئاساس يارىتىپ بېرىش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. خوتەن دائىرىسىدىكى ھەرقايسى خارابىلەرنىڭ ھەممىسىدىن يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇلمىلىرىنىڭ بىرگە تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، خوتەندىن تېپىلغان يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇلمىلار يۇقىرى ماھارەت بىلەن توقۇلغان بولۇپ، ھەر خىل گۈل، ئادەم، ھايۋان ۋە مېۋىلەرنىڭ تەسۋىرىي سۈرەتلىرى كەشتىلەنگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئەتلەس پارچىلىرىنىڭ (سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان) تېگىنىڭ رەڭگى قىزىل، گۈلى سېرىق، گۈل شەكلى تارغاق چىشى شەكلىدە چىقىرىلغان. نىيە ناھىيىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان «بىر پارچە كىمخاپقا كەشتىلەپ ئىشلەنگەن بۇددا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن»

. يەنە مۇشۇ قەبرىدىن «ئۇنچە چەمبىرەككە تولپارلىق چەۋەنداز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ» تېپىلغان. بۇنداق «نۇسخىلىق، نەقىشلىك، سۈرەتلىك توقۇلما بۇيۇملار پەقەت خوتەن رايونىدىلا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن»⑨ بولۇپ، يىپەك توقۇلمىلارنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭگىنىڭ كۆركەملىكى، توقۇلۇشىنىڭ سىپتىلىقى، نەپىسلىكى قەدىمكى خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋردىكى يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ شاھىدى بولغان ئەتلەس توقۇمىچىلىقى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن، يىپەك تارتىش ئۇسۇلى قەدەممۇ قەدەم ماشىنىلاشتى، ئەمما ئەتلەس ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى ياغاچ دۇكاندا توقۇلىدۇ.

خوتەندە قەدىمدە ئۆتكەن ماھىر ئۇستىلارنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى، شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىشى ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ ۋە بېيىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن يىپەك توقۇمىچىلىقى 1950 ـ يىلدىن كېيىن يەنە ئىزچىل تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇتى بولغاندىن تاشقىرى يەنە ھەرقايسى ناھىيىلەردىمۇ يىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇلدى. ھازىر خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق زاۋۇتى (1953 ـ يىلى قۇرۇلغان)نىڭ مەھسۇلاتلىرى جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىدا سېتىلغاندىن تاشقىرى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، پاكىستان، گېرمانىيە، شىۋېتسارىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

① سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە نەشرى، 507 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان، 53 ـ بەت.

③ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان، 117 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان، 180 ـ بەت.

⑤⑥ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ئۇيغۇرچە نەشرى، 133 ـ، 143 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.

⑦ ⑧ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (ئۇيغۇرچە)، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 138 ـ، 139 ـ، 141 ـ بەتلەر.

⑨ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان، 165 ـ بەت.

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

新疆
地方志

（季刊）

目 录

2002年第二期

总第五十九期

顾 问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主 编
沙比尔·艾力

副主编
阿不都肉甫·艾力

编 委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目 录

## 文献辑录

在全国地方志第三次工作会议上的讲话 …………………… 李铁映 1
全国地方志指导小组三届一次会议纪要 …………………………… 11
全国地方志第三次工作会议纪要 …………………………………… 14
在自治区地方志工作会议上的讲话 …… 阿不来提·阿不都热西提 20
在自治区地方志工作会议上的讲话 …… 阿不都卡德尔·乃斯尔丁 22
加强领导，坚定信心，与时俱近，努力开创我区地方志工作的新局面 ……………………………………………………… 崔书杰 30
在自治区地方志工作会议上的总结讲话 …………………… 赛尔杰 48

## 历史资料

20世纪40年代新疆政局风爆与美国领事馆 ………………… 袁澍 52
维吾尔人与裴罗将军城 ………………………… 海热提江·乌斯曼 64
蒙元时期的不喇城 ……………………………… 艾尔肯·艾尔西丁 70
吾斯曼是怎样追捕的 ……………………… 库都斯·阿不都赛麦提 74

## 新疆百业

于阗的丝绸纺织业 ……………………………… 买买提·阿不拉 78
天山主峰——博格达峰 …………………………………………… 封一

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

新疆地方志 维吾尔文(季刊)

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

主　办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版:《新疆地方志》编辑部
地　址: 乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
印　刷: 新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 12 ـ نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W
电话: 4640715　邮政编码: 830063
定价: 3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715　پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن